
بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعاً وَلا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى





4

2006


مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة




2006 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل ئەھمەد، بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە جەمئىيىتىمىز رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى خىزمەت بىناسىنى قۇتلۇقلاپ لېنتا كەستى.



دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل ئەھمەد، بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار لېنتا كېسىش مۇراسىمغا قاتناشقان جەمئىيىتىمىز ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2006 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - ، 28 - كۈنلىرى بېيجىڭدا ''ئىسلام دىنى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش'' دېگەن تېمىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.




جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئويۇشتۇرغان ''جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئۆمرە ھەج ئۆمىكى'' مەككە مۇكەررەمەگە مېڭىش ئالدىدا، 2006 - يىل 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە جەمئىيىتىمىز رەھبەرلىرى ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.




2006 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭ دوڭسى مەسچىتىدە ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇننىڭ تاشقا ئويۇلغان قولىيازما «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىنىڭ تاماملىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يۆپۈق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.



2006 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىقلار خېبېي ئۆلكىسىنىڭ نامرات تاغلىق رايونلىرىغا بېرىپ مۇسۇلمانلاردىن ھال سورىدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئامۇر، يۈسۈپ جەۋاد، شەمسىددىن تارتقان)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يېڭى خىزمەت بىناسى پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

ئۆز خەۋىرىمىز: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى خىزمەت بىناسى مەركەز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى بىلەن 2006-يىل 9-ئايدا پۈتۈپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2006-يىل10-ئاينىڭ 25-كۈنى يېڭى خىزمەت بىناسىدا داغدۇغىلىق لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. دۆلەت رەھبەرلىرىدىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرېشىت ھەمدە مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇ بېنلى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ تۇڭشياڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چى شياۋفېي، مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2- ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ نىڭ قاتارلىقلار مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلدى. مۇراسىمغا يەنە مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى، مەركەز ۋە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلۇش تۈرى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى، بېيجىڭ شەھىرى، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى، پايتەخت ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەكىللەر، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى ھەمدە قۇرۇلۇش لايىھىلىگۈچى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى، نازارەتچىلىك قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 200دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ رىياسەتچىلىك قىلدى. مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چى شياۋفېي، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي قاتارلىق رەھبەرلەر مۇراسىمدا مۇھىم سۆز قىلدى.

مۇراسىمدىن بۇرۇن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلغان دۆلەت رەھبەرلىرىگە قۇرۇلۇش ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى:"جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 1953-يىلى قۇرۇلغاندىن بويان، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل خىزمەت بىناسى بولمىغاچقا، ئىلگىرى-ئاخىرى ئۈچ ئورۇندا ۋاقىتلىق خىزمەت ئورنى تەسىس قىلغانىدى. يېڭى خىزمەت بىناسى مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى ۋە ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار، بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردىمى ئاستىدا ئاخىرى 7500 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق خىزمەت بىناسى ئۇكۇشلۇق ھەل بولدى. ئىلگىرىكى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مېھمانخانىسى ئۆزگەرتىپ بېزىلىپ، بۈگۈنكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال خىزمەت بىناسىغا ئايلاندى. بۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دىنىي خىزمەتلەرگە چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارغا بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقىنى، جۈملىدىن پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى 20 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمانغا بولغان غەمخورلۇقىنى تولۇق ئىپادىلىدى". ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:"يېڭى خىزمەت بىناسىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى، چوقۇمكى خىزمىتىمىزگە يېڭى قىياپەت، يېڭى كەيپىيات، يېڭى روھ، يېڭى غەيرەت ئېلىپ كېلىدۇ. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مىللەتلەر ئىناقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى، جەمئىيەت ئىناقلىقى جەھەتتە چوقۇم يېڭى تۆھپىلەرنى قوشىدۇ "دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

مۇراسىمنىڭ ئاخىرىدا ئىسمائىل ئەھمەد، بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى خىزمەت بىناسىنى قۇتلۇقلاپ لېنتا كەستى. (ب)

مۇندەرىجە

المسلم الصيني

## ❖ ئالاھىدە خەۋەرلەر ❖


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يېڭى خىزمەت بىناسى پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ........................ (1)


## ❖ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى ❖


ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان (داۋامى) ..................
........................ مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (4)

ئۆلۈم ھېكمىتىدىن ئاخىرەت ھەققەتلىرىگىچە(داۋامى) ............
........................ نەزىرە مۇھەممەد سالىھ (16)


## ❖ شەرىئەت ئەھكاملىرى ❖


ھەج پائالىيىتىنى قانداق ئادا قىلىش كېرەك؟ ..................
........................ مۆھتەرەم ھاجى (25)

ئىككى ھېيت نامىزى ھەققىدە سوئال-جاۋابلار ..................
........................ ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا (34)


## ❖ قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى ❖



قۇرئان كەرىمدە قوللىنىلغان بىر قىسىم چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش........ جارۇللا يۇسۇپ (39)


## ❖ ئىسلام دىنى ۋە ئىقتىساد ❖


ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىسلام ئەخلاقى(داۋامى) ..................
........................ ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى (44)


## ❖ ۋەز-تەبلىغ ❖


ئىخلاس توغرىسىدا ........................ ئابدۇغېنى ۋاھاب (51)


جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)

(ئومۇمىي 81-سان 总第81期)

باش مۇھەررىر:
شەمشىدىن ھاجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ھاجى بارات رەجەپ

تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور:
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
شەمشىنۇر ھوشۇر

主　　编：夏米西丁·哈吉
副 主 编：巴拉提·热吉甫
技术编辑：安瓦尔·穆罕默德
封面设计：夏美希努尔·吾守尔

刊号 ISSN1007－5836 :خەلقئارالىق نومۇرى
CN11－1346/B :دۆلەت ئىچى نومۇرى

邮发代号：58—167 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى


Q1720 :چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى

国外代号：Q1720

E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

China muslim

# مۇندەرىجە




**2006**

**4**

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى:

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100053

تېلېفون نومۇرى: 59313090، 59313021 (010)

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:

ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 2566193 (0991)

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (بېيجىڭ 399 ـ خەت ساندۇقى)

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维文编辑部
地址：北京市宣武区南横西街 103 号
邮编：100053
电话：(010) 59313021，59313090
新疆发行站：乌鲁木齐市延安路 119 号
邮编：830001 电话：(0991) 2566193
国外发行：中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)


## ❖ ئىسلام بىلىم گۈلزارى ❖


پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىجارەت ھاياتى ..................(54)

ۇش ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ..................(54)

رىنسىپلىق ياشاش ..................(55)

للاھ تائالانىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلگەن ئۈچ كىشى ھەققىدە........(56)


## خەلقئارالىق بېرىش - كېلىشلەر


ئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىقلار "دۇنيا دىنىي ساھەدىكىلەر
ىنچلىق مەجلىسى"گە قاتناشتى.................. (57)

ۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ 2 ـ نۆۋەتلىك
دۇنياۋى ۋە ئەنئەنىۋى دىنلار داھىيلىرى يىغىنى"غا قاتناشتى ..........(57)

ۇڭگو ھەج(ئۆمرە) خىزمىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكى مالايسىيا قاتارلىق تۆت دۆلەتتە
يارەتتە بولدى .................. (57)

جۇڭگو قارىيلىرى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى .......... (58)


## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى


ۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى "ئىسلام دىنى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش"
مىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى..................(58)

لالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇننىڭ تاشقا ئويۇلغان قولیازما «قۇرئان كەرىم»
ىخىسى غەلىبىلىك تاماملاندى..................(15)

ىزانلىق پائالىيەتلەر ..................(59)

ھەبىبۇللا مەتسەيدى، ئەنۋەر تۇردى قاتارلىقلارنىڭ خەۋىرى.......... (59)


## ئىسلام مائارىپى


ىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ خەۋىرى .................. (60)


## تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار


ئىبراھىم ئەلقەم، ياقۇپ ھاجى، توختى ئاۋۇت قاتارلىقلار خەۋىرى..........(61)


## خەۋەرلەر


ىقۇپ ھاجى، ئەبەيدۇللا ھوشۇر قاتارلىقلار خەۋىرى.......... (62)


## مەخسۇس سەھىپە


2006 ـ يىللىق ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى .................. (63)


ۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى
ىڭى بىناسىنىڭ مودېلى


**بۇ سان 2006 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى**

# ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان*

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادى ئۈستىدە توختىلىشلاردىن، ساھابىلارنىڭ، تابىئىنلارنىڭ تەرجىمىھالى ئۈستىدە يېزىلغان تەبەقات كىتابلىرىدىن، ھەدىس راۋىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەردىن ھەدىسشۇناسلىقنىڭ تارىخ ئىلمى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى، ئۆز نۆۋىتىدە ھەدىسشۇناسلىقنىڭ تارىخ ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋ تۇرۇپتىمىز. ئىسلامىيەتتە تارىخ ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئاساسلىق ئامىل ھەدىس ئىلمى بولۇپ، تارىخ ئىلمىغا ئاساس سالغۇچىلار ھەدىسشۇناسلار ئىدى.

ھەدىسلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە دائىر مەزمۇنلارنى بىلىش، ئەسرى سائادەتتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئاي ـ كۈنلىرىنى، ئورۇنلىرىنى، ۋەقەلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشلارنى ئېنىقلاپ چىقىش، يەنە ئىسمى، كۇنيەسى، فامىلىسى ئوخشاش بولغان راۋىلارنى پەرقلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ يۇرت، قەبىلە، ئايماقلىرىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز نۆۋىتىدە تارىخ تەتقىقاتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مۇھەددىسلەر ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش يۈزىسىدىن نۇرغۇن قەۋملەرنىڭ ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادى ئەھۋالى بىلەن تونۇشقان. ئۇلار خۇددى قۇرئان كەرىمنىڭ قايسى ئايەتلىرى مەككىدە نازىل بولغان، قايسى ئايەتلىرى مەدىنىدە نازىل بولغان، قايسى ئايەت سەپەردە نازىل بولغان، قايسى ئايەت كېچىدە، قايسى ئايەت كۈندۈزدە نازىل بولغان دېگەنلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغاندەك ھەدىسلەرگە ئالاقىدار ئەھۋاللار ئۈستىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە قۇرئان ۋە سۈننەت ئىلىملىرى بىلەن بىرلىكتە تارىخ ئىلمى مەيدانغا كەلگەن. تارىخ كىتابلىرى ئالدى بىلەن ھەدىسشۇناسلار تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇخارى، تەبەرىي، زەھەبى، كەلبى، ئىبنى خەتىب، بەلازەرى، ئىبنى ئەسىر، ئەبۇ نۇئەيىم، ۋاقىدى، ئەينى، سۇيۇتى، ئىبىن ھەجەر ئەسقەلانى ۋە باشقىلار شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

ئىبىن ئەساكىر بۈيۈك مۇھەددىسلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ يالغۇز دەمەشق شەھىرىدە ئۆتكەن ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا يازغان تارىخىي كىتابىنىڭ قولىيازمىسى **80** جىلد كېلىدۇ. ئەبۇھاتە سجستانى «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر» كىتابىنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب كېيىنكى چاغلاردا مىسىردا بېسىلىپ چىققان. شۇنداقلا مۇھەددىس ئىبىن ھەجەر ئەسقەلانى ھەدىسنى بىۋاستە رىۋايەت قىلغۇچىلارنى ئېيتماي، يۇقىرىراق رىۋايەت قىلغۇچىلارنى دەئۋا قىلىش كىتابى يېزىپ چىققان.

مۇھەددىسلەرنىڭ ئۇستازى بولغان ئىمام شافىئى يىگىرمە يىلچە تارىخ ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ: "فىقھى ئىلمىنى بىلىش ئۈچۈن تارىخنى بىلىش زۆرۈر" دېگەن. سوفيان سەۋرى: "بىز يالغان ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارغا تارىخ قورالى ئارقىلىق تاقابىل تۇردۇق" دېگەن. ئالىم ھەممىدى ھەدىس

* باش قىسمى ئۆتكەنكى سانلاردا

ئۇستازلىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشنى ھەدىس ئىلىملىرى قاتارىدا سانىغان.

## 1. ئەھلى ھەدىسنىڭ ئۇنۋانلىرى

ئەھلى ھەدىس بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئەمەلىي سەۋىيىسىگە قاراپ ئۇلارغا محدث (مۇھەددىس)، حافظ (ھافىز)، حجة (ھۇججە)، حاكم (ھاكىم) قاتارلىق ئۇنۋانلار بېرىلگەن. "مۇھەددىس" دېگەن ھەدىسنىڭ سەنەدلىرىنى ۋە راۋىلارنىڭ دەرىجىلىرىنى بىر قەدەر ياخشى ئىگىلەشتىن تاشقىرى مۇتەداۋىل ھەدىس كىتابلىرىنى، بولۇپمۇ «سىھاھىسسىتتە»، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «مۇسنەد»ى، «سۇنەن بەيھەقى»، «مۇئجەم تەبەرانى» قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشقان بولىدۇ. "ھافىز" دېگەن مىڭلىغان ھەدىسلەرنى مەيلى مەتنى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىسناد جەھەتتىن بولسۇن يادقا بىلگەن بولىدۇ. ئۇ ھەدىسنىڭ مەتنى تىلغا ئېلىنسا ئىسنادىنى راۋان، تولۇق ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئىسنادى تىلغا ئېلىنسا مەتنىنى دەپ بېرەلەيدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە ھافىزنىڭ سۈپەتلىرى شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئۇ ئۇستازىنىڭ ئۇستازلىرىنى تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە دەرىجىمۇدەرىجە ساناپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئىمام ئەھمەد ئىبن ھەنبەلنىڭ قارىشىچە، ھافىز دېگەن مەتنى، ئىسنادى بىلەن قوشۇپ 40 مىڭ ھەدىسنى يادقا ئېيتىپ بېرەلەيدىغان كىشىدۇر. نۇرغۇن مۇھەددىسلەر ھەر بىر دەۋردە ھافىز دەرىجىلىكلەر كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ دەپ قارايدۇ. "ھۇججە" دېگەن مۇھەددىسلەرنىڭ قارىشىچە 300 مىڭ ھەدىسنى تولۇق ئىگىلىگەن بولىدۇ. "ھاكىم" ھەدىسشۇناسلىقتا ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بولۇپ، پۈتكۈل ھەدىسلەردىن خەۋەردار بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بىر مىليون ھەدىسنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ھۇججە ھەم ھاكىملىق دەرىجىسىگە يەتكەن دېگۈچىلەرمۇ بار.

مۇھەددىسلەرنىڭ تەرجىمىھال كىتابلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھەدىسلەرنى ئىگىلەشتىكى ھىفزى قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلار يادقا ئالغان ھەدىسلەرنى ۋە بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادلىرىنى شۇ دەرىجىدە پىششىق بىلەتتىكى، ئىككى ھەدىسنىڭ ئىسنادلىرى ئالماشتۇرۇپ ئېيتىلسا، دەرھال تۈزىتىپ ھەر بىر ھەدىسنىڭ توغرا ئىسنادلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ ھەقتىكى بايانلارنى كىتابخانلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن يىراق دەپ قارىماسلىقلىرى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ھىفزى قۇۋۋىتىنىڭ ئالاھىدە پەرقلىق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، كىشىنىڭ ھىفزى قۇۋۋىتى مۇستەقىل بىر سېزىم بولۇپ، بۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ تېگىگە ھېچكىم يەتكەن يوق. كىشىلەرنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناھايىتى پەرقلىق بولۇپ، بەزىلەرنىڭ ناھايىتى ئاجىز بولسا، بەزىلەرنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي تەرىپىدە ھاكىمىيەت سۈرگەن، مىلادىدىن 123 يىل بۇرۇن ئۆتكەن مىترداتىس ئىسىملىك ھۆكۈمرانىنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى 22 خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان ھەر مىللەتكە شۇ مىللەتنىڭ تىلىدا نۇتۇق سۆزلىگەنلىكى، قول ئاستىدىكى بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەر بىرىنى ئىسىم ـ فامىلىلىرى بىلەن چاقىرالايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئىبنى ئابباسنىڭ قۇرەيش شائىرى ئۆمەر ئىبن رەبىئەنىڭ 80 قۇرلۇق قەسىدىسىنى بىر قېتىم ئاڭلاپلا يادقا ئېلىۋېلىپ، بىر قېتىمدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، ئىككىنچى قېتىمدا تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە ئوقۇپ بېرەلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەدىب بەدىئۇل ھەمەزانى بىر قېتىم مۇتالىئە قىلىپ چىقىش بىلەنلا نەچچە بەتلىك رىسالىلەرنى، بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىپلا 50 قۇرلۇق قەسىدىلەرنى يادلىۋالاتتى. ئەدىب ھەممادۇ راۋىيە بىر قېتىمدىلا ئارقىمۇئارقا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە 2090 قۇرلۇق قەسىدىنى يادقا ئوقۇپ چىققان، ئاڭلاپ تۇرغۇچىلار ھېرىپ كېتىپ نۆۋەت بىلەن ئاڭلىغان. ئىلىم ـ مەرىپەت گۈللەنگەن بىر چاغلاردا ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) مەملىكىتىدە سىبەۋەيىنىڭ 620 بەتلىك كىتابىنى ۋە ئەغانىنىڭ 3750بەتلىك كىتابىنى يادا ئېلىش بىلەنلا قانائەتلەنگەنلەرنى ھۇرۇنلاردىن سانىغان. ئەندەلۇس ئەدىبلىرىدىن بىرى ھىفزى قۇۋۋىتىنى سىنىماقچى

باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، يۇقىرى بولۇپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنەتتى. دارۇلھەدىس ئوقۇغۇچىلىرىغا مەيلى ئەرەب ياكى غەيرى ئەرەب بولسۇن، مەيلى ئەركىن بولسۇن، مەيلى قۇل بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ھەممىسىگە پەرقسىز، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىناتتى. دارۇلھەدىسلەردە ئايال تالىبەلەرمۇ بار ئىدى. ھەدىسلەرنى ئۆگىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا ساھابىلەر زامانىدىن تارتىپ ئاياللار زور رول ئوينىغان. تۇنجى بولۇپ تەسىس قىلىنغان دارۇلھەدىسنىڭ شەيخى ئىبن ئاساكىر 81 ئايالنى ئۆزىنىڭ ھەدىس ئۆگەتكەن ئۇستازلىرى قاتارىدا سانىغان. مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ دارۇلھەدىسلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا قانچىلىك ھەسسە قوشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ مۇھەددىسلەر بىلەن بىر قاتاردا ماڭغان. ئايال مۇھەددىسلەر ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىكى دۇرۇس بولۇش ۋە ئىشەنچلىك بولۇشتا ئۈرنەكلىك رول ئوينىغان. مەشھۇر ھەدىسشۇناس ھافىز زەھەبى راۋىلار توغرۇلۇق يازغان 3 جىلدلىق «ميزان الإعتدال»(مىزانۇل ئىئتىدال) كىتابىدا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىكى ئىشەنچلىك ۋە سادىق ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ: ''مەن ئاياللار ئىچىدە ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا گۇمانلىق ۋە ئىشەنچسىز دەپ قارىلىپ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى تەرك ئېتىلگەنلەرنى كۆرمىدىم'' دېگەن مەشھۇر سۆزنى قىلغان. دارۇلھەدىسلەر تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن بولسۇن مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھەدىس ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى تارقىتىشتىكى نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان. ئۇلارنىڭ ھەدىس ئوقۇ-ئوقۇتۇش جەھەتتىكى قوشقان تۆھپىسىنىڭ چوڭلۇقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئىمام شافىئى مىسىرغا كەلگەن چاغدا مۇھەددىسە نەفىسەدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. تارىخشۇناس ئالىم ئىبن خەللىكان مۇھەددىسە زەينەپتىن ھەدىس ئۆگەنگەن. مەشھۇر ئالىم ئىبن تەيمىيە ئالى ئىسنادلىق مۇھەددىسە شەھدە بىنتى ئەبۇ نەسىردىن ھەدىس ئۆگەنگەن. دەسلەپكى دارۇلھەدىسنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان نۇرىددىن سەمەرقەنتلىك ئالاھىدىنىڭ قىزى مۇھەددىسە فاتىمە بىلەن زامانداش ئىدى. ئۇ دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ھەققىدە فاتىمەدىن مەسلىھەت سورايتتى ۋە ئۇنىڭدىن فىقھى مەسىلىلىرىنى ئۆگىنەتتى، فاتىمە سۇلتانغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق سۇلتانىنىڭ ھەدىس ئىلىملىرىنى كىشىلەر ئارىسىدا زور كۈچ بىلەن تارقىتىشىغا تۈرتكە بولغان.

## I ئىسلام شەرقىدە

### (1) شامدا مەيدانغا كەلگەن دارۇلھەدىسلەر

دەمەشىق قەدىمدىن تارتىپلا مەدرىسلەر بىلەن ئاۋات ئىسلام شەھەرلىرىدىن ۋە دارۇلھەدىسلەرنىڭ مەركىزى جايلىرىدىن ئىدى. بۇ يەردىكى مەدرىسلەرنىڭ بەزىلىرى تۈرلۈك مەزھەپلەرنىڭ فىقھىنى ئۆگىنىشكە خاس بولسا، بەزىلىرىدە ئەرەب تىلىغا ئائىت بىلىملەر ئوقۇلاتتى. بەزىلىرى بولسا مېدىتسىنا، دورىگەرلىك، ھەندەسە (گېئومېترىيە)، ئىلمى رىيازەت، تىل، تەبىئەت، ئىلمى مەنتىق، كىميا(خىميە) قاتارلىق ئىلىملەرگە خاس ئىدى. بەزى مەدرىسلەردە قۇرئانغا دائىر ئىلىملەر ئۆگىنىلەتتى. ئەنە شۇ مەدرىسلەرنىڭ ئارىسىدا دارۇلھەدىس دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس ھەدىس ئىلىملىرى ئوقۇلىدىغان مەدرىسلەر بار ئىدى. نۇرىيلەر ۋە ئەييۇبىلار دەۋرىدىلا دەمەشقتە تەخمىنەن يىگىرمىچە دارۇلھەدىس بولغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ''نۇرىيە'' دارۇلھەدىسى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. دەمەشقتە بەرپا قىلىنغان ''ئەشرەفىيە''، ''سۇككەرىيە''، ''زاھىرىيە'' قاتارلىقلارمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن دارۇلھەدىسلەردىن ئىدى.

### (2) مىسىر ۋە ئىراقتا مەيدانغا كەلگەن دارۇلھەدىسلەر

پادىشاھ كامىل ھىجرىيە 622-يىلى ياكى 620-يىللىرى قاھىرەدە ''كامىلىيە'' مەدرىسىنى بەرپا قىلغان. مىسىردا يەنە ''نەبىھىيە''، ''شەيخۇنىيە'' ''بەرقۇقىيە''، ''مەنسۇرىيە''، ''بىبرىسىيە''، ''زاھىرىيە'' قاتارلىق دارۇلھەدىسلەر تەسىس قىلىنغان.

ئىراق قەدىمكى ۋاقىتلاردىن تارتىپلا ئىسلام مەدەنىيىتىگە زور ھەسسە قوشقان رايونلاردىن ئىدى.

ئابباسىيلار زامانىدا ئىراق ئىلىم ـ مەرىپەت جەھەتتىن گۈللەنگەن. باغداتتا ”مۇستەنسىرىيە“ مەدرىسى بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە مەخسۇس دارۇلھەدىس تەسىس قىلىنغان. مۇسۇلدىمۇ بىر قانچە دارۇلھەدىسلەر بىنا قىلىنغان. ”مۇستەنسىرىيە“ دارۇلھەدىسى ”سۈننە“مۇ دېيىلەتتى. دارۇلھەدىسلەرنىڭ تۈرلۈك كىتابلارغا باي كۈتۈپخانىلىرى بار ئىدى. بۇ كۈتۈپخانىلار دارۇلھەدىسلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن زور رول ئوينايتتى. ھۆكۈمران ۋە بايلاردىن بولغان خەيرى ـ ئېھسان ئىگىلىرى كۈتۈپخانىنى كىتابلار بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. بەزى مۆدەررىسلەر ئۆزىنىڭ كىتابلىرىنى كۈتۈپخانىلارغا ھەدىيە قىلاتتى. مائاش ـ تەمىناتلىرىنى كۈتۈپخانىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تەقدىم قىلىدىغان مۆدەررىسلەرمۇ بار ئىدى، مۇستەنسىرىيە دارۇلھەدىسىنىڭ تۈرلۈك ئىلىملەرگە دائىر ئېسىل كىتابلار بىلەن تولغان كاتتا كۈتۈپخانىسى بار بولۇپ، كىتابلارنىڭ تولىسىنى خەلىپە مۇستەنسىر ۋەخپە قىلىپ بەرگەنىدى. خەلىپە مۇستەنسىر بىللا كۈتۈپخانىغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى مۇستەنسىم بىللامۇ ئاتىسىغا ئوخشاش كۈتۈپخانىنىڭ ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرەتتى، كۈتۈپخانىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى؛ بىر قېتىم شەيخ شەمسىددىن بىلەن كۈتۈپخانىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، كىتابلارنىڭ رەتسىزلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق كايىپ، كۈتۈپخانا مەسئۇللىرىنى ئىككى كۈن سولاپ قويغان. بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ يېزىشىچە، ”مۇستەنسىرىيە“ دارۇلھەدىسىنىڭ كۈتۈپخانىسىنىڭ كىتابلىرى **80** مىڭ پارچە دەپ مۆلچەرلەنگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كىتاب ماتېرىياللار مول بولغان شۇنچە باي كۈتۈپخانىلار زامان گەردىشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇپ يوقالغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت دەمەشقتىكى زاھىرىيە دارۇلھەدىسىنىڭ كۈتۈپخانىسى بىلەن باغدادتىكى مۇستەنسىرىيە دارۇلھەدىسىنىڭ كۈتۈپخانىسى ئامان قېلىپ، كېيىنكى دەۋرلەرگىچە ساقلانغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھىجرىيە **803** ـ يىلى تۆمۈرلەڭنىڭ ئىستىلاسىدا مەدرىسە ۋە دارۇلھەدىسلەر كۆيدۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ كۈتۈپخانىلىرىدىكى نۇرغۇن كىتابلار يانغىندا كۈلگە ئايلانغان.

### (3) مۇستەنسىرىيە مەدرىسىنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمىنىڭ ئومۇملىشىشى

مۇستەنسىرىيە مەدرىسىنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمىنىڭ ئومۇملىشىشى باشقا جايلاردىكى تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. مۇستەنسىرىيە مەدرىسىدە ئوقۇپ چىققان تالىبۇلئىلىملەر ئۆز يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ئانا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسلۇبى ۋە تۈزۈم ـ قائىدىلىرىنى ئۆز جايلىرىدىكى مەكتەپلەرگە ئېلىپ باردى. جايلاردىكى ئىش ئۈستىدىكىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئۆز مەدرىسلىرىگە تەتبىقلاشقا كىرىشتى. مىسىرنى ئالىدىغان بولساق، ھىجرىيە **641** ـ يىلدىن بۇرۇن، ئوقۇتۇشتا پەقەت بىرلا مەزھەپنى ئاساس قىلاتتى،”ناسىرىيە“مەدرىسى پەقەت شافىئى مەزھىپىنىڭ فىقھىسىنى ئوقۇتاتتى. ”قەمھىيە“ مەدرىسى مالىكى مەزھىپىگە خاس ئىدى. سۇلتان سالاھىددىن سالدۇرغان ”ئەييۇبىلەر“ مەدرىسى ھەنەفى مەزھىپىگە خاس ئىدى. مۇستەنسىرىيە مەدرىسى ئېچىلىپ تەخمىنەن **10** يىلدىن كېيىن، جايلاردىكى مەدرىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا تۆت مەزھەپنى ئاساس قىلىدىغان بولغان.

### (4) تۈركىيە، ھىجاز ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدىكى دارۇلھەدىسلەر

ئوسمان خاندانلىقى خەلىپىلىرىنىڭ ئىلمى مۇئەسسەسەلەرنى، ئىسلام مەدرىسلىرىنى قۇرۇشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقىتىشقا بولغان قىزغىنلىقى نۇرىيىلەر ۋە ئەييۇبىلەردىن قېلىشمايتتى. تۈركىيە شەھەرلىرىدە جۇملىدىن ئادانا، قۇستەنتىنە، مەزبۇرە شەھەرلىرىدە مەدرىسلەر ۋە دارۇلھەدىسلەر كۆپلەپ قۇرۇلغان. ئوسمان خاندانلىقىنىڭ سۇلتانلىرى، ۋەزىرلىرى بەس ـ بەس بىلەن دارۇلھەدىسلەرنى قۇردى. ئادانادا قۇرۇلغان دارۇلھەدىس مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سۈننەتنى

ئومۇملاشتۇرۇشتا زور خىزمەت كۆرسەتتى. شۇنداقلا ”سۇلايمانىيە“ دارۇلھەدىسى قۇرۇلۇپ، بۇ جەھەتتە تېگىشلىك رول ئوينىدى. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى شەھرىدە مەھمۇد دەفدەرى قۇرغان دارۇلھەدىس ۋە مەزبۇرە شەھرىدىكى دارۇلھەدىسلەرمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. ئوسمان خاندانلىقىنىڭ بەزى خەلىپىلىرى ھىجاز ۋە بالقان رايونلىرىدىمۇ دارۇلھەدىسلەرنى قۇرغان. مەككە مۇكەررەمەدە «سۇلايمانىيە» دارۇلھەدىسى قۇرۇلغان. بەزى تارىخچىلارنىڭ بايان قىلىشىچە، سۇلتان سەلىم مەككىدىكى دارۇلھەدىسنى” 4 ـ سۇلايمانىيە دارۇلھەدىسى“ قىلغان ۋە مەككىدىكى ”سۇلتان ئەشرەب قايتبىاي مەدرىسى“ دارۇلھەدىسلەر جۈملىسىدىن ئىدى. ئىمام ھافىز، ھەدىسشۇناس ئىبن ھەجەر شۇ مەدرىستە سورۇن تۈزۈپ، ھەدىستىن بىر قانچە قېتىم لېكسىيە ئوقۇغان. ئوسمان خاندانلىقىنىڭ ھەدىس ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش پائالىيىتى يالغۇز مەككەمۇكەررەمە بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان، يەنە بالقان ئەتراپىغا ئوخشاش باشقا رايونلارغىمۇ تارقالغان. بەزى تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، پايتەخت بېلگرادتىلا 217 مەسچىت، 8 مەدرىسە، 9 دارۇلھەدىس، ئەرەب تىلى ئۆگىنىدىغان ۋە قۇرئان يادلايدىغان 270 مەكتەپ بولغان.

ھىجاز زېمىنىدا ئىلمى ھەدىس بىلەن شۇغۇللىنىش باشتىن ـ ئاخىر دېگۇدەك راۋاجلىنىپ كەلگەن. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە دارۇلھەدىستىن بىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە، يەنە بىرى مەككە مۇكەررەمەدە تەسىس قىلىنغان. مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى دارۇلھەدىس ھىجرىيە 1350 ـ يىلى، مەككە مۇكەررەمەدىكى دارۇلھەدىس ھىجرىيە 1352 ـ يىلى پادىشاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قۇرۇلغان. ھىندىستان، پاكىستانلاردىمۇ ھەدىس شەرىفنىڭ راۋاجى ئۈچۈن، ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەر ئىشلەنگەن. ئالىم ئەبۇلھەسەن نەدەۋى ھىجرىيە 1392 ـ يىلى (مىلادى 1972 ـ يىلى) مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئېچىلغان ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئىجرائىيە يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ھىندىستاندا ئونلىغان ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان. ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر: بىرىنچى، دېيۇبەندىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى؛ ئىككىنچىسى، دارىلئۇلۇم؛ ئۈچىنچىسى، مازاھىرئۇلۇم؛ تۆتىنچىسى، ئەھلى ھەدىس مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتى. دېيۇبەندتىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى دارۇلھەدىسمۇ دېيىلىدىغان بولۇپ مەكتەپ بىناسىغا شۇنداق يېزىلغان. ھىندىستاندىكى ئەھلى ھەدىس مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتىمۇ ھىجرىيە 1393 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھەدىس ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئاساس قىلغان ئۇنىۋېرسىتېتتۇر. پاكىستاننىڭ كاراچى شەھرىدە قۇرۇلغان دارۇلئۇلۇم تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتتە دېيۇبەندىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن پەرقلەنمەيدۇ. پاكىستاندا ئىلىم يۇرتلىرى 500 دىن ئاشىدۇ. ھىندونېزىيىدە ”دارۇلھەدىس فەقھىيە“ ناملىق ھەدىس يۇرتى بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا جاۋا سۇلو شەھىرىگە جايلاشقان. بۇ ھەدىس يۇرتى ھىجرىيە 1358 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان. ھىجرىيە 1364 ـ يىلىغا كەلگەن چاغدا بۇ ھەدىس يۇرتى شەرقى جاۋا مالانچ شەھرىگە يۆتكەلگەن. بۇ ھەدىس يۇرتىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ۋەزىپىسىدىن باشقا تۆرلۈك ئەسەرلەرنى ۋە ئىسلام تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلەرنى قەرەللىك ژۇرنال ـ گېزىتلەردە نەشر قىلىپ تارقىتىدىغان ۋەزىپىسىمۇ بار ئىدى. شۇنداقلا ئىسلام دەۋىتى ئېلىپ بېرىش، جايلاردىكى ئالىملار، ئۆلىمالار، دىنى ئەربابلار بىلەن ئىسلامىيەتكە ئائىت ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىش، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە ھىندونېزىيىنىڭ سىرتىدىكى جايلارغىمۇ ئىلمىي زىيارەتلەرنى ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇلار تا ھازىرغىچە ئېيىغا ئىككى قېتىم چوڭ سورۇن تۈزۈپ، يۇرتداشلاردىن، دىنىي ئەربابلاردىن، ھۆكۈمەت ئادەملىرىدىن مىڭلىغان كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىدۇ. سورۇندا دارۇلھەدىسنىڭ باش شەيخى ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ھەدىس پېشۋالىرى، ھافىزلارنىڭ سورۇنلاردا دەرس سۆزلىشىنىڭ ئۇسلۇبىدا سەھىھۇلبۇخارىدىن لېكسىيە ئوقۇيدۇ.

## II ئىسلام غەربدە

ماراكەش رابات‌تىكى ھەسەنىيە دارۇلھەدىسى ۋە

ئالجىرىيە تىلمىسان شەھىرىدىكى دارۇلھەدىسنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىسلام غەربىدە باشقىچە ناملاردا ئاتىلىدىغان نۇرغۇن ھەدىس يۇرتلىرى بەرپا قىلىنغان. ئىسلام غەربىنىڭ ھەر بىر تارىخى دەۋرلىرىدە ھەدىسشۇناسلىق ئالاھىدە گۈللەنگەن. مەغرىب ئالىملىرى قەدىمدىن تارتىپلا ھەدىسنى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويغان بولۇپ، ھەدىس تەھسىل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپ، باشقا ئەللەرگە سەپەر قىلىپ، ئالىي ئىسنادلانى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا نۇرغۇن جايلارنى كەزگەن.

ئىسلامنىڭ غەربىي دېگىنىمىزدە ئەندەلۇس (ئىسپانىيە)، لىۋىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش، ماۋرىتانىيە، سەھرايى كەبىر قاتارلىق ئەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا ئەندەلۇس يۇرتلىرى بۈيۈك ئالىملارنى، ھەدىسشۇناسلارنى يېتىشتۈرگەن. ھەدىس تارقىتىش ئىشلىرىدا شۆھرەت قازىنىپ، ھەممىنىڭ دىققەت مەركىزىدە بولغان. نۇرغۇن تالىبۇلئىلىملەر ئۇ يەرگە سەپەر قىلىپ ئەندەلۇسنىڭ مۇھەددىسلىرىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئەندەلۇستا "ئىسلام غەربىنىڭ ئىمام بۇخارىسى" دەپ ئاتالغان مۇجتەھىد ئالىملار ئارىسىدا ھەقىقەتەن نەمۇنە بولغان ۋە مۇھەددىسلەر ئارىسىدا ئىسلام غەربىنىڭ پەخرى بولغان ئەبۇ ئەمىر ئىبنى ئابدۇلبىرغا ئوخشاش مەشھۇر زاتلار يېتىشكەن. ئابدۇلبىرنىڭ ئالدى-كەينىدە ئەندەلۇسنىڭ قۇرتۇبە، ئىشبىلىيە، غىرناتە، مەرسىيە، مالقە قاتارلىق شەھەرلىرىدە نۇرغۇن ھافىزلارنىڭ ئۆتكەنلىكى تارىختا ئېنىق يېزىلغان. لىۋىيە، تۇنىسلارغا كېلىدىغان بولساق، باشقا ئىسلام ئەللىرىگە ئوخشاشلا ئۇ يەرلەردە ئىلمى ھەدىسكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى مەلۇم. بەزى تارىخچىلارنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئافرىقىلىقلار «سەھىھۇلبۇخارى»غا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلار مۇئەييەن جايلارنى، مۇئەييەن كۈنلەرنى مەخسۇس«سەھىھۇلبۇخارى»نى خەتمە قىلىشقا تەيىن قىلغان. ئۇلار شۇ كۈندە تەيىن قىلىنغان جاي ياكى مەسچىتكە ئائىلە بويىچە ئىشىكلىرىنى قۇلۇپلاپ، دۇكانلارنى تاقاپ، ئىشلىرىنى تاشلاپ بېرىپ، شاملارنى يېقىپ، خۇشپۇراقلارنى چېچىپ، «سەھىھۇلبۇخارى»دىن قىلىنغان خەتمنى ئاڭلاش ئۈچۈن ھازىر بولاتتى. تۇنىسنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بولغان قەيرەۋان بۇرۇندىن تارتىپلا ھەدىسنىڭ تارقىلىشىدا زور رول ئوينىغان. ئۇنىڭ مەسچىتلىرى ۋە ئىلمىي سورۇنلىرى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن مەشھۇر بولغان باغداد، كۇفە، بەسرە، مىسىر قاتارلىق ئىسلام مەركەزلىرىدىن قېلىشمىغان. پۈتكۈل ئىسلام غەربىدە قەيرەۋان روھى قانات يېيىپ، ھەر بىر جايلارنىڭ مەسچىتلىرىگە ۋە بىلىم يۇرتلىرىغا تارقالغان. بولۇپمۇ زەيتۇنە ۋە قەرەۋىيىن جامەلىرىدە بۇ جەھەتتە چوڭ ئىشلار قىلىنغان. ماراكەشكە كېلىدىغان بولساق، بۇ يەردە ئۆتكەن ھەر بىر خاندانلىقلار دەۋرىدە ھەدىسنىڭ راۋاجىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلىپ، نۇرغۇن مۇھەددىسلەر يېتىشىپ چىققان. ماراكەشتە ئۆتكەن ئىدرىسىيلەر، مۇرابىتلەر، مۇۋەھھىدىيلەر، مىررىنىيلەر، سەئدىيلەر دەۋرىدە ئىنچىل يوسۇندا ئىلمى ھەدىس ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلگەن. ئەلەۋى خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى رەشىد دەۋرىگە كەلگەندە ھەر بىر ھەدىس سورۇنىغا پادىشاھ شەخسەن ئۆزى ئىشتىراك قىلىدىغان بولۇپ، ھەدىس تەتقىقاتى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. ئەلەۋىلەر بىر جەھەتتىن ئۆلىمالارنى ھەدىس بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەرغىب قىلغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن خەلقنى قەرەۋىيىن جامەسىدە سۆزلىنىدىغان ھەدىس دەرسىگە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن يەنە ھەر يىل ئۈچ ئاي پادىشاھ ئوردىسىدا ھەدىس دەرسى سۆزلىنىدىغان قائىدە يولغا قويۇلغان. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ دۆلەتنىڭ مەشھۇر ئەللامىسى، ھەدىسشۇناسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ھەدىس سورۇنلىرىنى تەشكىللەپلا قالماستىن، جايلاردىن تۈرلۈك ھەدىس كىتابلىرىنى ئالدۇرغان، ھەدىس كىتابلىرىنىڭ يېزىلىپ نەشر قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۆلىمالارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، قۇرئان كەرىمنى ئومۇملاشتۇرۇشقا، سەھىھۇلبۇخارى، سەھىھۇلمۇسلىم ۋە مۇسنەد كىتابلىرىنى دەرس قىلىپ ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان، سەھىھۇلبۇخارىنى كۆچۈرگۈزۈپ كۆپەيتكەن. ئەلەۋىلەر پادىشاھى يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ دەۋرىگە كەلگەن چاغدا، ھەدىس

سورۇنلىرى رامزان ئېيىغا مەركەزلىشىپ، رامزاننىڭ 27 ـ كېچىسى ئاياغلىشىدىغان بولغان. پادىشاھ ھەسەنII (2001 ـ يىلى قازا قىلغان) ۋاقتىغا كەلگەندە، ھەدىسشۇناسلىق تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ، ھەدىس تەتقىقاتى كۈچەيتىلگەن. پادىشاھ ھەسەن ئىلمى ھەدىسنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەسەنىيە دارۇلھەدىسى ناملىق ئاكادېمىيە خاراكتېرىنى ئالغان بىر ھەدىس يۇرتىنى قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلغان. بۇ يەردە تەربىيىلىنىشكە 120 نەپەر ئالىم ئىچىدىن سىناق ئارقىلىق 30 نەپىرى تاللاپ ئېلىنغان. ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىللىق بولۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىققانلار ھەدىس ئىلىملىرى، قۇرئان ئىلىملىرى بويىچە يېتىلگەن ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ چىقىدىغان بولغان. مەكتەپتىكىلەرگە ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق ئۇنۋان تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغانلار مىللەت، يۇرت ئايرىلماستىن، ماراكەشلىك، تۇنىسلىق، لىۋىيىلىك، پەلەستىنلىك، ئىئوردانىيىلىك، سۈرىيىلىك، تۈركىيىلىك، پاكىستانلىق، ھىندىستانلىق، ئىرانلىق، يۇگوسلاۋىيىلىك، ھىندونېزىيىلىك، تايلاندلىق، كورىيىلىك ۋە باشقا جايلىق ئوقۇغۇچىلار بولغان. پادىشاھ ھەسەنII رامزان ئېيىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەدىس سورۇنىنى تېخىمۇ مۇنتىزىملاشتۇرۇپ ۋە سىستېمىلاشتۇرۇپ، «الدروس الحسنية» (پادىشاھ ھەسەن نامىدىكى لېكسىيە سۆزلەش يىغىنى)نى يولغا قويغان. بۇ يىغىن خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ھەر يىلى رامزان ئېيىدا ئېچىلىدۇ. يىغىنغا ماراكەشنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق دىنىي ئالىملار قاتنىشىدىغان بولۇپ، يىغىن سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، سۆزلەنگەن لېكسىيەلەرنىڭ ماۋزۇلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، لېكسىيىگە قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئالىملار بىرەر ماۋزۇ ئاستىدا بىرەر ئايەت ياكى بىرەر ھەدىسنى دەۋر قىلغان ھالدا لېكسىيە سۆزلەيدۇ. ھەدىسنىڭ مەيدانغا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشى، ھەدىسنىڭ ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ھەدىسنىڭ ئىسنادى، راۋىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئوخشىمىغان يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىنىشىدا ھەدىس كىتابلىرى ئارىسىدىكى پەرقلەر، ھەدىس لۇغەتلىرىنىڭ يەشمىسى، ھەدىسنىڭ رېئال تۇرمۇشقا تەتبىقلىنىشى، ھەدىستىن كېلىپ چىققان ھۆكۈملەر ئۈستىدە سىستېمىلىق بايان قىلىدۇ. تەلەپ بويىچە يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ئاساس قىلىپ، لېكسىيە 50 مىنۇت ئەتراپىدا سۆزلىنىپ بولۇشى، ئېيتىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇ مەزمۇن چۈشۈپ قالماسلىقى، شۇنداقلا بىرمۇ ئوشۇقچە جۈملە بولماسلىقى شەرت بولۇپ، مۇنبەردىكى لېكسىيە سۆزلىگۈچى ئالىم قولىدا يازما بىرەر تېكىست چاغلىق نەرسىمۇ بولماستىن، خۇددى يادا ئېلىۋالغاندەك شۇنچە پىششىق، راۋان سۆزلەپ ئۆتىدۇ، پادىشاھ ھەسەن II نىڭ بۇ يىغىنغا شەخسەن ئۆزىنىڭ قاتنىشىپ باشتىن ئاخىر رىياسەتچىلىك قىلىشى يىغىنىنىڭ دەرىجىسى ۋە سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. پادىشاھ دىنىي ئىلىملار بويىچە يۇقىرى سەۋىيىلىك بولۇپ، ”عالم الملك “ ۋە ”ملك العلماء “(پادىشاھلارنىڭ ئالىمى ۋە ئالىملارنىڭ پادىشاھى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ھەسەن پادىشاھنىڭ لېكسىيە سۆزلەش يىغىنىدا ئالىم سۇپىتىدە مۇنبەرگە چىقىپ لېكسىيە سۆزلىگەن چاغلىرىمۇ بولغان. گېزى كەلگەندە ئۇ ئوقۇلغان لېكسىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېتەكچىلىك قىلىش، تولۇقلاش، ئەسلەتمە بېرىش خاراكتېرىدىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرىدۇ، مەسىلەن، پروفېسسور ئىدرىس خەلىلىنىڭ لېكسىيىسى ئالدىدا پادىشاھ مۇنداق دېدى: ”تۈنۈگۈن ئاخشام فىقھشۇناس بىلخوجە لېكسىيە سۆزلەش ئالدىدا ئۇنى تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن ’دوكتور فەقىھ‘ دېيىلدى. دوكتور ـــ ياۋروپاچە سۆز بولۇپ، بىرەر پەندىكى ئىختىساسنى كۆرسىتىدۇ. ۋاھالەنكى، بىزنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە مەجلىسىمىزدە ئىشتىراك قىلغۇچىنىڭ كۆپ خىل ئىلىم ساھىبى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بىزنىڭ مۇنبىرىمىزگە چىققۇچىلار ھەم گرامماتىكىشۇناس، ھەم فىقھشۇناس، ھەم ئەدىب، ھەم فونېتىكىشۇناس بولۇشى كېرەك. ’دوكتور‘ سۆزى بىر تۈردىكى ئىختىساس ئىگىسىنى كۆرسىتىدۇ، مېنىڭچە بۇ ئىلىملەر ساھىبىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ئۇلارنى ئۇستاز (پروفېسسور)، ئەللامە، ئالىم ۋاھاكازا

دېيىش لازىم».

پادىشاھ ھەسەنII پروفېسسور مۇھەممەد فارۇق نەبھان لېكسىيىسى ئالدىدا: «ھۆرمەتلىك ۋە ئىززەتلىك ئۆلىمائى كىراملارنىڭ دىققىتىگە سۇنايكى، رامىزان لېكسىيىلىرى ياكى ھەدىس شەرىف لېكسىيىلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ زامانىدىن تارتىپ سۆزلىنىپ كەلگەن. ئالدى بىلەن ھەدىسكە كۆڭۈل بۆلۈنگەن. بىرەر ئالىم بىرەر ھەدىس ئۈستىدە توختىلاتتى ـ دە، ھەدىسنىڭ رىۋايەتلىرى، رىۋايەت قىلغۇچى ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە باشقا راۋىلار توغرۇلۇق قىسقىچە بايان قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەدىسنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبلىرىنى، قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى، ھەدىسكە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرىنى، ھەدىسنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى، ئايەتلەرنى تەپسىر قىلىدىغان ھەدىسلەرنى سۆزلەپ ئۆتەتتى. بىزمۇ مۇشۇنداق قىلساق، ھەدىس ئۈستىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق، كەڭ توختىلالايمىز» دەپ يېتەكچى خاراكتېرلىك سۆز قىلدى. رامىزاننىڭ 27 ـ كۈنى شەبى قەدرى كېچىسى لېكسىيە يىغىنى يېپىلىش مۇراسىمىدا پادىشاھ ھەسەنII مۇنداق دېدى: «مۆھتەرەم ئالىملىرىمىز، ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرىمىزنىڭ سەمىگە بىز ئېسىمىزگە كەلگەندىن تارتىپ رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان مۇنداق بىر ئەنئەنىمىزنى سېلىپ قويايكى، سەھىھۇلبۇخارى يىلىغا ئوقۇلۇپ ئۈچ ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن رامىزاننىڭ ئاخىرىدا تاماملىناتتى. سۇلتاننىڭ ياكى پادىشاھنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى دەرس سۆزلەش سورۇنى ئۆتكۈزۈلەتتى. ئۈچ ئاي داۋامىدا ئۇلىمالار ئالدىدا دەرس سۆزلىنەتتى ۋە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ چاغلاردا مەن جىددىي مۇنازىرىلەرگىمۇ قاتناشقانىدىم. تېخى بالاغەت يېشىغا يەتمەي تۇرۇپلا ئىلمى ھەدىسكە مەندە زور ئىشتىياق قوزغالغانىدى».

ماراكەشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پېقىرمۇ جۇڭگودىن بارغان بىردىنبىر ئالىم سۈپىتىدە بۇ لېكسىيە يىغىنىغا ئىشتىراك قىلىش ئۈچۈن ئالتە قېتىم باردىم. ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن يېزىپ يىغىندا ئوقۇغان قەسىدىلىرىمنىڭ تۆۋەنكى مىسرالىرىدا قويۇق ئىلمىي تۈس ئالغان بۇ كاتتا يىغىننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىر قەدەر ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن:

لدى جلالته تلقى الدروس كما،
بجهده شيد للإسلام بنيان.
سموه لاح فى أسمى مظاهره،
فى الكف مسبحة والورد فرقان.
حفت ملائكة الرحمن محفله،
فذاك حفل بذكرالله ملآن.
فى كل عام بشهرالصوم مجلسه،
بالدرس و البحث معمور و مزدان.
جم غفير من الحفاظ و العلماء،
الفر للملك المضياف ضيفان.
أفاضل علماء العصر أجمعهم،
فى حلبة العلم والتحقيق فرسان.
هم قادة الدين أعلام جهابزة،
بهم أقيمت لدين الله أركان.
يا أيها الملك المحمود سيرته،
فى كل علم لكم بحث و إمحان.
رفعت شأن علوم الدين مجتهداً،
.كما لكم قد سما بين الورى شأن

بۇ قەسىدىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: «ئىسلام بىناسىنىڭ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا زور ئىجتىھاد كۆرسەتكەن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىلمىي لېكسىيەلەر سۆزلىنىدۇ. زىكرى ـ سانا بىلەن تولغان، رەھمەت پەرىشتىلىرى ئورىۋالغان بۇ كاتتا سورۇنغا پادىشاھ ئالىيلىرى قولىدا تەسۋى، ئاغزىدا ۋىردە فۇرقان ھالدا ئەڭ نۇرانە كۆرۈنۈشتە زاھىر بولىدۇ. ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا زور بىر تۈركۈم مەشھۇر ئالىملار ۋە يىگانە ھافىزلار پادىشاھنىڭ ئەزىز مېھمىنى سۈپىتىدە بۇ مەجلىسنى ئىلمىي لېكسىيە ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن ئاۋات قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ تۈۋرۈكلىرى، يېتەكچىلىرى، دەۋرىنىڭ پازىللىرى، ئەللامىلىرى، ئۆلىمالىرى، توشقان بىلىمدارلىرى بولۇپ، ھەر بىرى بىلىم، تەتقىقات بەيگىسىدە ئۇزۇپ چىققان غالىپ چەۋاندازلاردۇر. بۇ بىر ئالىي مەجلىسكى، ئۇ

ھەدىسنىڭ ۋە ھەدىس ئەھلىنىڭ شەنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى".

أهذى دروس أم سواطع أنوار،
من المنبع الفياض من نفحة البارى.
دروس هدى قدسية حسنية،
شموس تجلت من مشارق أنوار.
دروس هدى مسكية الريح والشذا،
لمن يبتغى نهج الهدى خير سمار.
درسنا كتاب الله فقها و سنة،
بفضل إليه الناس غافر أو زار.
فمن كان فى هذى المجاليس حاضراً
سيجنى من العرفان يانع أثمار.
فكم من أصولى فقيه محدث،
تجول فى الموضوع جولة مغوار.
بشرح عميق شامل متكشف،
له عن معان ذات رمز و أسرار.
أمام أميرالمؤمنين محاضراً،
بأفصح لفظ موجز غير مهذار.

بۇ قەسىدىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: "بۇ ئىلمىي لېكسىيەلەر ئىلاھىي نۇر مەنبەسىدىن چاقنىغان شولىلاردۇر. نۇرانە شەرقتىن پارلىغان قۇياشتەك ئۇلۇغۋار مەزمۇنلار ئىلقا قىلىنغان پاك ھەسەنى دەرسلەردۇر. دۇرۇس مەسلەك ئىزلىگەنلەر ئەبەدى ئۈلپەت بولالايدىغان ئىپار ھىدلىق ھىدايەتتۇر. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئىجتىھاتلىق ئالىملار قۇرئان، ھەدىس ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىدۇ، بۇ سورۇنغا ھازىر بولغانلىكى كىشى ئىرپان دەرىخىنىڭ شېرىن مېۋىسىدىن تېتىماي قالمايدۇ، ئۇسۇلشۇناس، ھەدىسشۇناس، فىقھىشۇناسلار كەڭ ماۋزۇلار ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ، زاھىرى ۋە باتىنى مەنىلەرنى تېگى-تەكتىدىن قېزىپ، لەفزى قىسقا، مەزمۇنى ئىخچام ۋە تېرەن نۇتۇقلىرى بىلەن مەجلىسنى جانلاندۇرىدۇ".

خصك الله فى الملوك بإحيا،
علوم التوحيد و الإسلام.
فعلوم الأصول و الفقه و التفسير،
طرًا حلت محل اهتمام.
و نشرت الحديث درسا و بحثا،
كم لك اليوم فيه من إسهام.
يا لها من دروس علم أنارت،
كل قلب منا كبدر التمام.
إيه فيه الشفاء أى شفا،
لمراضى القلوب و الأسقام.
حلقات النقاش تعقد دوما،
و دروس تلقى بكل انتظام.
نفحات قدسية تتوالى،
إثر أخرى طوال شهرالصيام.
مجلس العلم ملتقى العلماء المخ ــ،
لصين الأخيار و الأعلام.
إجتماع يضم عليه قوم،
لجميع الأجناس والأقوام.
قام كل منهم ببحث عميق،
فى أمور التشريع والأحكام.
إنطلاقا من آية أو حديث،
يشرحون المعنى أمام الإمام.

بۇ قەسىدىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: "پادىشاھنىڭ ھىممىتى ئارقىلىق ئىلمى فىقھى، ئىلمى تەفسىر، ئىلمى ھەدىس راۋاجىغا كۆڭۈل بۆلۈندى. ھەدىس دەرس قىلىنىپ ۋە بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، شانلىق نەتىجىلەر قازىنىلدى. مۇھاكىمە ئارقىلىق مۇجمەللىكلەر يېشىلىپ، دىللار يورۇدى. يۇقىرى سەۋىيىلىك، سىستېمىلىق لېكسىيەلەر ئۈستىدە قىزغىن مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىلدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن رامىزان ئېيى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز نازىل بولۇۋاتقان ساماۋى ئىلھاملارنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ مەجلىس ئىخلاسمەن، كامىل ئۆلىمالارنىڭ مۇلاقات بولۇشىدىغان مەنزىلگاھىدۇر. بۇ خاسىيەتلىك جەمگاھتا بىر ئايەت ياكى بىر ھەدىس تۇتقا قىلىنىپ شۇنى دەۋر قىلغان ھالدا شەرىئەت ئەھكاملىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈلۈپ، يىمىرىلمەس ھەقىقەتلەر شەرھلىنىپ خۇلاسىلىنىدۇ".

رامىزان ئېيىنىڭ 27-كۈنى شەبى قەدرى كېچىسىدە لېكسىيە يىغىنى ئاخىرلىشىدۇ. پادىشاھ، ۋەلىئەھدلەر، ئوردا ئەھلى، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بىرلىكتە خۇپتەن ۋە تەراۋىھ نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئۇستازى بولغان كاتتا ئالىم مۇنبەرگە چىقىپ «سەھىھۇلبۇخارى»دىن بىر قانچە ھەدىس ئوقۇيدۇ.

ئاندىن «سەھىھۇلبۇخارى» كىتابىنىڭ ئاخىرقى ھەدىسى بولغان: كَلِمَتَانِ خَفِيفَتَانِ، ثَقِيْلَتَانِ فِى الْمِيزَانِ، حَبِيبَتَانِ إِلَى الرَّحْمنِ، سُبْحانَ اللهِ وَ بِحَمْدِهِ سُبْحانَ اللهِ العَظِيم دېگەننى ھەر بىر ئالىم 100 قېتىمدىن ئۈنلۈك ئاۋازدا دەيدۇ. ئاندىن ھەممە بىرلىكتە قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىدۇ. ئاخىرىدا بىر ئالىم ھەممىگە ۋاكالىتەن خۇلاسە نۇتقى سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىغىن ئاخىرلىشىدۇ. (مەن ئۆزەم قاتناشقان ئالتە قېتىملىق «پادىشاھ ھەسەنII نامىدىكى لېكسىيە سۆزلەش يىغىنى»نىڭ بىر قېتىمىدا تەكلىپكە بىنائەن باشلىنىش مۇراسىمىدا ئەرەبچە شېئىر يېزىپ ئوقۇدۇم. تۆت قېتىمدا شەبى قەدرى كېچىسىدىكى ئاخىرلىشىش مۇراسىمىدا تەكلىپكە بىنائەن ئەرەبچە شېئىر يېزىپ ئوقۇدۇم. 99 - يىلىدىكى يىغىننىڭ ئاخىرلىشىش مۇراسىمىدا بولسا بارلىق يىغىن ئەھلىگە ۋاكالىتەن خۇلاسە سۆزى سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدۇم). يىغىننىڭ نەق مەيدان كۆرۈنۈشى

سۈنئى ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەممە جايىغا تارقىتىلىدۇ. ھەر يىللىق ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تېكىستلىرى توپلىمى ۋە يىغىندا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرگە قارىتا يىغىن ئەھلىنىڭ مەخسۇس ئېلىپ بارغان مۇھاكىمە، مۇلاھىزىلىرى، بەرگەن ئىلمىي باھالىرى توپلىمى ئەرەبچە، فرانسۇزچە، ئىنگلىزچە، ئىسپانچە تۆت خىل تىلدا نەشر قىلىنىپ جايلارغا كەڭ تۈردە تارقىتىلىدۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «دروس حسنية» خەلقئارادا داڭ چىقىرىپ، رامىزان كىرىشى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان قىززىق نۇقتا بولۇپ قالدى. مۇشۇ مۇنبەر ئارقىلىق ئىسلام ئالىملىرىنىڭ دىن تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ۋە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئەۋزەل شارائىت ھازىرلىنىپ، قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇننىڭ تاشقا ئويۇلغان قولىيازما «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسى غەلىبىلىك تاماملاندى**

ئۆز خەۋىرىمىز: 2006 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭ دۇڭسى مەسچىتىدە ھاجى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇننىڭ تاشقا ئويۇلغان قولىيازما «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىنىڭ تاماملىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يۈيۈق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

يۈيۈق ئېچىش مۇراسىمىغا مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى چې شۈچۈن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى نيۇ ماۋشېڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. مۇراسىمغا يەنە پاكىستان، تۈركىيە، ئىران، بەھرەين، مىسىر، برۇنېي، سۇدان قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دۆلىتىمىزدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەمەلدارلىرى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتى ھەمدە بېيجىڭ شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى، بىر قىسىم مۇسۇلمان ئالىملار ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى قاتناشتى. يۈيۈق ئېچىش مۇراسىمىدا يې شاۋۋېن، يۈ جېنگۇي قاتارلىق رەھبەرلەر سۆز قىلىپ، رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇننىڭ تاشقا ئويۇلغان قولىيازما «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىنىڭ تاماملانغانلىقىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن بۇ ئەمگىكىنى 2002 - يىلى «قۇرئان كەرىم» نىڭ باش سۈرىسىنى يېزىشتىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۈرىسىنى 2006 - يىلى تاماملىدى. بۇ قول يازما نۇسخا تەيشەن تېغىنىڭ قارا رەڭلىك ئۇل تېشىغا ئويۇلغان بولۇپ، ھەر پارچە ئۇل تاشنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ تولۇق نۇسخىسى 528 پارچە ئۇل تاشقا ئويۇلغان. ئومۇمى كۆلىمى 264 كۋادرات مېتىر، ئېغىرلىقى 26 تونىنا كېلىدۇ. رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇننىڭ بۇ قول يازمىسىنى خېبېي ئۆلكىسى ۋېيشەن ناھىيىسىدىكى ساداقەتمەن مۇسۇلمان تاش ئويمىچى ۋاڭ فېڭتوڭ ئائىلىسىدىكىلەر(ئۈچ ئەۋلاد) ماتېرىيالىنى ئۆزى چىقىرىپ، تۆت يىلدا ئويۇپ چىققان. تاشقا ئويۇلغان بۇ قولىيازما «قۇرئان كەرىم» دۇڭسى مەسچىتىدە ساقلىنىپ، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئۆچمەس يادىكارلىق بولۇپ ساقلىنىپ قالغۇسى.(ب)

# ئۆلۈم ھېكمىتىن ئىبرەت ھېكمەتلىرىگىچە*

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## ئۆلۈم بوسۇغىسىدا

**ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى.**

—— سۈرە«قاف»(50 ـ سۈرە)، 19 ـ ئايەت

**راستىنلا جان ھەلقۇمغا يەتكەندە، "(بۇ كېسەلگە) كىم ئىلاج قىلالايدۇ" دېيىلىدۇ. (سەكراتتا ياتقان ئادەم) بۇنىڭ (دۇنيادىن) ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى جەزمەن بىلىدۇ. (سەكراتنىڭ قاتتىقلىقىدىن) پاچاق پاچاققا كىرىشىپ كېتىدۇ.**

—— سۈرە«قىيامەت»(75 ـ سۈرە)، 26—29 ـ ئايەتلەر

يۇقىرىقى ئايەتلەرنى تىلى بىلەنلا ئەمەس، دىلى بىلەن زىكرى قىلىپ ئوقۇغان كىشىگە ئۆلۈم سەكراتىنىڭ دەھشىتى يېتەرلىك ئىبرەت ئەمەسمۇ؟ ئۆلىمالار ئۆلۈم سەكراتىنىڭ قاتتىقلىقىنىڭ ئىنسانىنى مىڭ قېتىم قىلىچ بىلەن چاپقان، ھەرە بىلەن ھەرىدىگىنىدىنمۇ ئازابلىق ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىنىڭ سەكرات ئازابىنى تېتىيدىغانلىقىنى تۈرلۈك نەقىللەر بىلەن بايان قىلىدۇ. شەھر ئىبنى ھۆۋشەب رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈمنىڭ قاتتىقلىقى ھەققىدە سورالغاندا مۇنداق دېگەن: **"ئەڭ ئاسان ئۆلۈم يۇڭنىڭ ئىچىدىن بۇدۇشقاق تىكەننى تارتىپ چىقارغانغا ئوخشايدۇ. ھەر قانچە قىلسىمۇ تارتىپ چىقىرىلغان بۇدۇشقاقتا ھامان يۇڭ يېپىشقان بولىدىغۇ؟"** شۇڭا غەپلەتتە قالغان ئۆلۈم سەكراتىدىن پەيغەمبەر ـ ئەنبىيالار ناھايىتى كۆپ پاناھ تىلەيتتى. رەسۇلۇللاھ ھەر دائىم: **"ئى پەرۋەردىگارىم، ماڭا ئۆلۈم سەكراتىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن"** دەپ دۇئا قىلاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى كېسەللىك ھالىتىدە ياتقاندا يېنىغا بىر قاچا سۇ قويۇلغانىدى. رەسۇلۇللاھ مۇبارەك قولىنى سۇغا تىقىپ، **ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يۈزىنى سىيپايتتى ۋە "بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق، ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ھەقتۇر" دېدى، ئاندىن قولىنى سوزۇپ "ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا" دېگىنىچە قولى چۈشۈپ كېتىپ، نەپەستىن قالدى.**

ھەدىسلەر ۋە ئۆلىمالارنىڭ نەقىللىرىدە تىلغا ئېلىنغىنىدەك ئۆلۈمنىڭ بالاسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى سەكرات ئازابى بولۇپ، بۇ روھنىڭ تەندىن ئايرىلىپ چىقىرىلىش جەريانىدۇر. ساھابىلەردىن ئەمرۇ ئىبنى ئاس قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، ئوغلى: "ئى دادا، ئىلگىرى سىز: 'ئەگەر مەن ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن بىرەر ئاقىل ئادەمنى ئۇچراتسام، چوقۇم ئۇنىڭدىن ئۆلۈمنى ماڭا سۈپەتلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن بولاتتىم' دېگەنىدىڭىز، سىز ئۆزىڭىز سۈپەتلىگەن ئاشۇنداق



* باش قىسمى ئۆتكەنكى ساندا

ئاقىل كىشى، ماڭا ئۆلۈمنى سۈپەتلەپ بېرىڭ» دېگەن. ئەمرۇ ئىبنى ئاس: «ئى ئوغلۇم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھازىر ئۆزۈمنى قاتتىق قارا تاختاينىڭ ئۈستىدە يېتىۋاتقاندەك، يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن نەپەس ئېلىۋاتقاندەك، بىرسى شوخلىق تىكەننى تاپىنىمدىن كىرگۈزۈپ، بېشىمدىن تارتىپ چىقىرىۋاتقاندەك سېزىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئب ئىبنى ئەھبار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن «ئۆلۈم ھەققىدە بىزگە سۆزلەپ بەرسەڭ» دەپ ئۆتۈندى. كەئب: «ئى ئەمرۇل مۇئمىنىن، ئۆلۈم گويا تىكەنلىك شاخقا ئوخشايدۇ، ئۇ ئىنساننىڭ بەدىنىگە سانچىلغاندا، ھەر بىر، ھەر بىر تومۇرلىرىغىچە كىرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنى قاتتىق تارتقاندا تىكەنلىك شاخ بىلەن قوشۇلۇپ چىققىنى چىقىدۇ، تىكەن بىلەن قالغىنى قالىدۇ» دېدى. پەيغەمبەرلەر، سالىھ بەندىلەرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى سەكراتى شۇنداق بولسا، ئۆلۈمنى يىراق ساناپ، ئاخىرەتتىن غەپلەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھالى نېمە بولار؟

ئىككىنچى تۈرلۈكى بولسا، سەكراتتىكى كىشىنىڭ جان ئالغۇچى پەرىشتە ئەزرائىلنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ سۈر-ھەيۋىسىدىن قاتتىق قورقۇنچقا قېلىشىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق ئېيتىدۇ:

**(ئازاب) پەرىشتىلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرغان ھالدا ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا(ئۇلارنىڭ ھالى) قانداق بولىدۇ؟**

— سۈرە«مۇھەممەد»(47 - سۈرە)، 27 - ئايەت.

سەلەف ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەزرائىلنىڭ سەكراتتىكى كۇپپار، مۇناپىقلا ناھايىتى قورقۇنچلۇق، بەدسۈرەتتە كۆرۈنىدىغانلىقى، ئىنسان زاتىنىڭ ئۇنىڭغا قاراشقا تاقىتى يوقلۇقى، شۇنداقلا مۇئمىنگە ئەزرائىلنىڭ ناھايىتى چىرايلىق سۈرەتتە كۆرۈنىدىغانلىقى ھەققىدە بەزى ھەدىسلەر كەلگەن. مانا مۇشۇ ھەدىسلەر جۈملىسىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجىلى توشۇپ، ئەزرائىل كەلگەندە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن كۇففارلارنى قەبزى روھ قىلغاندىكى كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەزرائىل ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: «سەن مېنى ئۇ خىل ھالەتتە كۆرۈشكە تاقەت قىلالمايسەن» دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ياق مەندە ئۇنچىلىك تاقەت بار» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئەزرائىل ئۇنىڭغا: «ئەمىسە ئارقاڭنى قىلغىن» دەپ بىر ئازدىن كېيىن ئالدىنى قىلىشنى ئېيتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەزرائىلنىڭ دەھشەتلىك تۇرقىغا قاراپلا قورقىنىدىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىدۇ. ھوشىغا كەلگەندە ئەزرائىل ئۇنىڭدىن: «قانداق، كۆرۈۋالدىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەزرائىل، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر كۇپپارلارغا ئاخىرەت ئازابى بولماي، پەقەت سېنى كۆرۈشلا بولسا، شۇ ئازابمۇ ئۇلارغا يېتەرلىككەن» دەيدۇ.

ئۈچىنچىسى، جان ئۈزۈشتىن ئىلگىرى ھەر بىر ئادەمگە ئاخىرەتتىكى ئورنىنىڭ ئاشكارا بولىدىغانلىقى، روھ تەندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن كۇپپارغا: «ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى، سېنىڭ جايىڭ دوزاخ!»، مۇئمىنگە: «ئى ئاللاھنىڭ دوستى، سېنىڭ جايىڭ جەننەت» دېيىلىدىغانلىقى. قۇرئاندا بۇنى دەلىللىگۈچى ئايەتلەر كەلگەن.

**شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مېھرىبان (ئاللاھ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ.**

— سۈرە«فۇسسىلەت»(41 - سۈرە)30 - ، 32 - ئايەتلەر

ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە بەزى سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن. سەكرات ھەقىقەتلىرىنى بىلىشتە ئەنە شۇ سەھىھ ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى يامان كۆرىدۇ»**، ئائىشە: «بىز ئۆلۈمنى

ھېچ ياقتۇرمايمىز» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مېنىڭ دېگىنىم ئۇ ئەمەس، مۇئمىن ئادەمگە ئۆلۈم كەلگەندە ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان رازىلىق ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن بېشارەت بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن سۆيۈملۈك نەرسە بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرىدۇ. كۇپپارغا ئۆلۈم كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئازابى ۋە ئوقۇبىتى بىلەن بېشارەت بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن يامان نەرسە بولمايدۇ، ئۇ ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بېرىڭلار ئاخىرەتتىكى ئورنىنىڭ جەننەت ياكى دوزاخ ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھالەتتە ئاندىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ» (ئىمام مۇسلىم توپلىغان). ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا، بىر قانچەيلەن يوقلاپ كىرىدۇ، ئاردىن بىرى: «ئى ئاللاھ، ئەبۇ ھۆرەيرىگە ئاسانلىق بەرگىن» دەپ دۇئا قىلغان. بۇ چاغدا ئەبۇ ھۆرەيرە: «ياق، ياق...» دېگىنچە يىغلاپ كەتكەن ۋە مۇنداق دېگەن: «ئى قېرىنداشىم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن دۇنيادىن ئايرىلىشقا قىيماي ھەسرەتلىنىپ ياكى سىلەردىن ئايرىلىشتىن قورقۇپ يىغلاۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئاخىرەتتىكى ئورنۇمنىڭ جەننەت ياكى دوزاخ بولىدىغانلىقى ھەققىدە پەرۋەردىگارىمدىن بېرىلىدىغان بېشارەتتىن قورقۇپ يىغلاۋاتىمەن». بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنىڭ جىنازىسىنى ئېلىپ قەبرىستانغا چىقتۇق. رەسۇلۇللاھ قىبلىگە يۈزلەنگەن ھالدا ئولتۇردى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ خۇددى بېشىمىزغا قۇش قونۇۋالغاندەك جىمجىت ئولتۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى ياغاچ بىلەن يەرگە ئۇرۇپ بىر ئاسمانغا، بىر يەرگە قارىغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئاللاھقا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار». ئۇ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن: «ئى پەرۋەردىگارىم، ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېدى.

ئاندىن مۇنداق دېدى: «مۇئمىن دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدا يېنىغا ئاسماندىن ئاق يۈزلۈك، چېھرى قۇياشتەك پەرىشتىلەر چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدا جەننەت كېپەنلىرىدىن بىر كېپەنلىك، جەننەت خۇشپۇراقلىرىدىن بىر خىل خۇشپۇراق بىلەن ئۇ كىشىنىڭ كۆزى كۆرگىدەك يەردە ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئەزرائىل كېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ: 'ئى پاك روھ، ئاللاھنىڭ رازىلىق ۋە مەغپىرىتىگە چىققىن' دەيدۇ. ئاندىن ئەزرائىل ئۇ ئادەمنىڭ روھىنى سۇ ساتقۇچىنىڭ سۈيىدىن سىرغىپ چىققان بىر تامچە سۇدەك سىلىق ئالىدۇ. ئۇنى ئالغان ھامان بىر مىنۇتمۇ قويماستىن كېپەن ۋە خۇشپۇراققا ئورايدۇ. ئۇنىڭدىن يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولغان ئەڭ خۇشبۇي ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. پەرىشتىلەر روھنى ئېلىپ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇلار: 'بۇ خۇشبۇي روھ كىمنىڭ روھى؟' دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر ئۇ ئادەمنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى نامىنى تىلغا ئېلىپ: 'بۇ پوكۈنى ئادەمنىڭ بالىسى پۇستانى' دەيدۇ. ئەنە شۇنداق ئۆرلىگەنسېرى ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، يەتتىنچى ئاسمانغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا: 'بەندەمنىڭ نامە-ئەمالىنى ياخشىلارنىڭ ئەمەللىرى خاتىرىلەنگەن ئىللىيۇنغا يېزىڭلار، ئۇنىڭ روھىنى زېمىندىكى جەسىتىگە قايتۇرۇڭلار، مەن بەندىلىرىمنى تۇپىدىن ياراتتىم، يەنە ئۇنىڭغا قايتۇرىمەن ۋە شۇ تۇپىدىن يەنە قايتا تىرىلدۈرىمەن' دەيدۇ. كۇپپار ياكى پاسىق بەندە سەكراتتىكى چېغىدا قاپقارا يۈزلۈك، سۈرلۈك پەرىشتىلەر قوپاللىقىدىن بەدىنىگە سانچىلىدىغان بىر كىيىمنى ئېلىپ چۈشۈپ، كۆز كۆرگىدەك يەردە ئولتۇرىدۇ. ئەزرائىل كېلىپ سەكراتتىكى كىشىنىڭ بېشىدا ئولتۇرىدۇ ۋە: 'ئى يامان روھ، ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە نەپرىتىگە چىققىن' دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ روھىنى ھۆل يۇڭدىن زىخنى تارتىپ ئالغاندەك قاتتىق تارتىپ ئالىدۇ. بىر مىنۇتمۇ تۇرماستىن ئۇ كىشىنىڭ روھىنى قوپال، سېسىق كېپەنلىككە قويىدۇ. ئۇنىڭدىن يەر يۈزىدىكى ئەڭ سېسىق جەسەتنىڭ بەتبۇي پۇرىقى تارقىلىدۇ. پەرىشتىلەر روھنى ئېلىپ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. قانداقلىكى بىر پەرىشتىنىڭ يېنىدىن ئۆتتىكەن 'ئۇ: بۇ نېمىدېگەن سېسىق

پۇراق!‹ دەيدۇ. پەرىشتىلەر بۇ ئادەمنى يەر يۈزىدە ئاتالغان ئەڭ سەت ئىسمى بىلەن: ‹بۇ پوكۈنىنىڭ ئوغلى پۇستانى› دەيدۇ. پەرىشتىلەر بۇ بەتبۇي روھنى ئېلىپ ئاسمانغا ئۆرلىمەكچى بولغاندا ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلمايدۇ. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

**شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ.**

—— سۈرە «ئەئراف» (7 ـ سۈرە)، 41 ـ ئايەت

ئاندىن ئاللاھ تائالا:

**ئۇنىڭ نامە ئەمالىنى يامانلارنىڭ نامە-ئەمەل دەپتىرىگە يېزىڭلار، ئۇنى يەر يۈزىگە قايتۇرۇڭلار، مەن بەندىلىرىمنى تۇپراقتىن يارىتىپ، يەنە ئۇنىڭغا قايتۇرۇشقا، ئاندىن شۇ تۇپراقتىن قايتا تىرىلدۈرۈشكە ۋەدە بەرگەنمەن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ روھى ئاسماندىن تاشلىنىپ، جەسىتىگە چۈشىدۇ؛**

بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

**كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ.**

—— سۈرە «ھەج» (22 ـ سۈرە)، 31 ـ ئايەت

**ئاندىن قەبرىدىكى سوئال- سوراق باشلىنىدۇ‹ ”.**

(بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان. شۇنداقلا «سەھىھۇل بۇخارى»، «سەھىھۇل مۇسلىم»دا يۇقىرىقى ھەدىسنى كۈچلەندۈرگۈچى شاھىد ھەدىسلەر بار)

سەكراتتىكى كىشىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەم ئىنسانلىق كۆزى بىلەن بۇ ھەقىقەتلەرنى كۆرۈشتىن ئاجىزدۇر. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ:

**جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدا (سەكراتتىكى كىشىگە) قاراپ تۇرىسىلەر، بىز (ئىلمىمىز ۋە قۇدرىتىمىز بىلەن) ئۇنىڭغا سىلەردىن يېقىنمىز، لېكىن سىلەر (ئۇنى) كۆرمەيسىلەر (يەنى بىلمەيسىلەر).**

—— سۈرە «ۋاقىئە» (56 ـ سۈرە)، 83 ـ 85 ـ ئايەتلەر

دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. سالىھلارنىڭ ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ ياش تۆكۈشى ئۆلۈمدىن قورقانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى ھاياتىنىڭ يامان خاتىمە بىلەن ئاياغلىشىشىدىن، ئاخىرەتتىكى ئورنىنىڭ جەھەننەم بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قورقانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا مۇئمىنلەر ھەر دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەندەك: **”ئى پەرۋەردىگارىمىز، بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتىمىزنى خەيرلىك قىلغىن، ھاياتىمىزنى يامانلىق بىلەن خاتىملىنىشتىن ساقلىغىن“** دەپ دۇئا قىلىدۇ.

كۆپپار ۋە پاسىقنىڭ سەكرات ئازابى مۇئمىندىن قاتتىق بولىدۇ. كۆپپارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى قاتتىق سەكراتىنى ئاللاھ تائالا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

**(ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتتا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە، قورقۇنچلۇق ھالنى كۆرىسەن)، پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ: ”سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر ئاللاھ توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (يەنى ئىپترا قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار) ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر“ دەيدۇ.**

—— سۈرە «ئەنئام» (6 ـ سۈرە)، 93 ـ ئايەت

داڭلىق مۇپەسسىر ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنى كۆپپارلارغا ئۆلۈش ئالدىدا پەرىشتىلەرنىڭ خورلىغۇچى ئازاب بىلەن بېشارەت بېرىدىغانلىقى ۋە ”پەرىشتىلەرنىڭ قولىنى سوزۇشى“ ئۇرۇش مەنىسىدە دەپ شەرھلەيدۇ. جەڭ مەيدانىدىكى شېھىتكە ئۆلۈمنىڭ سەكراتى ناھايىتى يەڭگىل بولىدىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن مەلۇم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”شېھىت ئۆلۈمنىڭ ئازابىنى پەقەت بىرىڭلارنىڭ قولىغا يىڭنە كىرگەنچىلىك دەرىجىدىلا ھېس قىلىدۇ“** (تىرمىزى، نەسائى، دارىمى توپلىغان).

سەكراتتىكى كىشىنىڭ ئاغزىدا كەلىمە شاھادەتنى ئېيتىش بىلەن، قەلبىدە ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ياخشى ئارزۇ ـ تىلەكتە بولۇشى مۇستەھەپتۇر. بۇ شۇ كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى،

گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلىشنى ئىشەنچ بىلەن ئۈمىد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى مۇنداق دېگەن:" **سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلۈشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئاللاھقا نىسبەتەن ياخشى ئارزۇ-ئۈمىدتە بولسۇن**"(ئىمام بۇخارى توپلىغان). ئۆلىمالاردىن سابىت بەنەنى مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىدۇ: شۇ دەۋردە بىر ياش بولۇپ، ناھايىتى ئاچچىقى يامان، مىجەزى ئىتتىك ئىدى، ئانىسى ئۇنىڭغا تولا نەسىھەت قىلاتتى. ئۆلۈم بېشىغا كەلگەندە يىگىتنىڭ ئانىسى ئىچ ئاغرىقىدا: "ئى ئوغلۇم، سېنى ئىلگىرى مۇشۇنداق ئېغىر كۈندىن ئاگاھلاندۇرغان ئەمەسمىدىم!" دەپ ۋايساپ كەتتى. ئۇ يىگىت بولسا: "ئى ئانا، پەرۋەردىگارىمنىڭ بەندىلىرىگە ياخشىلىق ئاتاسى ناھايىتى كۆپتۇر، بۈگۈن پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنىمۇ شۇ چەكسىز رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن" دېگەن. ئاللاھ تائالا يىگىتنىڭ شۇ ياخشى ئارزۇ-ئىشەنچى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر.

**(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، "(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ)جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر".**

— سۈرە«زۇمەر»(39 - سۈرە)، 53 - ئايەت

ئىنساننىڭ ساغلام چېغىدا ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈمىدتىن ئەۋزەل، ئۆلۈم بېشىغا كەلگەندە بولسا ئۈمىد قورقۇشتىن ئەۋزەل. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن سەكراتتىكى كىشىنىڭ: "**بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق**" دېگەن كەلىمە شاھادەتنى تىلىغا جارى قىلىشى سۈننەتتۇر. بۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئىمان بىلەن خاتىمىلىنىشى بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ "**كىمنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ئاخىرقى سۆزى 'بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق' بولىدىكەن، ئۇ ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ**" دېگەن ھەدىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. سەكراتتىكى كىشىنىڭ يېنىغا سالىھ، تەقۋادار ئادەملەرنىڭ ھازىر بولۇشى، ئۇ كىشىنىڭ ھاياتلىقىدىكى ياخشى ئەمەللىرىنى كۆپرەك تىلغا ئېلىپ، ئەسلىتىپ ياخشى سۆزلەرنى قىلىشى تەرغىب قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**سىلەر كېسەل ياكى سەكراتقا چۈشكەن ئادەمنىڭ يېنىدا بولساڭلار، ياخشى سۆزلەرنى قىلىڭلار، سىلەرنىڭ شۇ سۆزۈڭلارغا پەرىشتىلەر 'ئامىن' دەپ دۇئا قىلىدۇ**" (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

ئىسلام شەرىئىتىدە مېيىتنى تېزراق يۇيۇپ، كېپەنلەپ، دەپنە قىلىش ياخشىدۇر. مېيىت روھىنىڭ يۇيۇش، كېپەنلەش، جىنازىغا ئېلىش، دەپنە قىلىشلارنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە بەزى سەھىھ ھەدىسلەر كەلگەن. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**قاچانكى مېيىت تاۋۇتقا قويۇلۇپ، كىشىلەر ئۇنى يەرلىكلىرىگە ئېلىپ ماڭسا، ئۆلگۈچى ياخشى ئادەم بولسا: 'مېنى تېز ئېلىپ مېڭىڭلار، مېنى تېز ئېلىپ مېڭىڭلار' دەيدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى شەقى ئادەم بولسا، ئۇ: 'ئىسىت، مېنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسىلەر؟' دەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئادەمزاتتىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئادەمزات ئاڭلايدىغان بولسا، جېنىدىن جۇدا بولغان بولاتتى**"(ئىمام بۇخارى توپلىغان). جىنازىدا ئويغاق قەلبلەر ئۈچۈن ئىبرەت، غەپلەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئەسلىتىش بار. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرەر جىنازىنى كۆرسە: "سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار، بىزمۇ كەينىڭلاردىن بارىمىز" دەيتتى. ئىبراھىم زىيات مېيىتقا يىغلاپ ئىچ ئاغرىتىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ: "سىلەر مېيىتكە ئەمەس، ئۆزۈڭلارغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىساڭلار ئورۇنلۇق بولىدۇ. چۈنكى بۇ مېيىت ئۈچ تۈرلۈك قورقۇنچتىن ئەمىن تاپقان بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئۇ ئادەم ئەزرائىلنىڭ دەھشىتىنى كۆرۈپ بولدى. ئىككىنچىسى، ئۆلۈمنىڭ ئاچچىق ئازابىنى تېتىپ بولدى. ئۈچىنچىسى، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى توغرىسىدىكى قورقۇنچتىن قۇتۇلدى" دېگەن. ئۆلۈكلەرنىڭ يامان گېپىنى قىلماسلىق، ئۇلارغا خەيرلىك دۇئا قىلىپ قويۇش مۇسۇلمانلار رىئايە

قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپلەر جۈملىسىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**ئۆلۈكلەرنى تىللىماڭلار، ئۇلار قىلغانلىرىغا يارىشا ياخشىلىق ياكى يامانلىقىقا ئېرىشىپ بولدى**" دېگەن.

## قەبرىدىن سادا

پەقەت ئەڭ شەقى كىشىلەرلا: "بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر" دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە دۇنيا ھاياتى ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بۇ قىسقا مۇددەتلىك ھايات ئازاب ياكى نېمەتكە تولغان قەبرە ھاياتىغا، نىھايىتى يوق ئاخىرەت ھاياتىغا تۇتىشىدۇ. شۇڭا ئۆلۈم ئىنساننىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشى ئەمەس، ئۇ پەقەتلا بىر خىل ئۆزگىرىش، يەنى روھنىڭ تەندىن ۋاقىتلىق ئايرىلىشىدۇر. ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقان كىشىلەرگە ئايانكى، روھ تەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئازاب ياكى نېمەتنى ھېس قىلغان، بىلگەن ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە نۇرغۇن دەلىللەر كەلگەن.

ئاللاھ تائالا سۈرە «غافىر»(40 ـ سۈرە)نىڭ 45 ـ ، 46 ـ ئايەتلىرىدە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى قانداق جازالىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**پىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى. ئۇلار ئەتىگىنى-ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: "ئى پىرئەۋن جامائەسى! ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا (دوزاخ ئوتىغا) كىرىڭلار!" (دېيىلىدۇ).**

ھىجرىيىنىڭ 774 ـ يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر مۇپەسسىر ئالىم ئىسمائىل ئىبنى كەسىر ئۆز تەپسىرىدە بۇ ئايەتلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: "بۇ ئايەت ئەھلى سۈننەتنىڭ ئازاب ياكى نېمەتكە تولغان قەبرە ھاياتىنىڭ ھەق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەڭ چوڭ دەلىلدۇر. چۈنكى ئاللاھ پىرئەۋن جامائەسىگە بۇ دۇنيادا سۇدا غەرق بولۇش ئازابىنى، قىيامەت كۈندە دوزاخ ئازابىنى تېگىشلىك قىلدى. بۇ ئىككى خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلارغا ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى توغرىلىنىدىغان ئوت ئازابى دەل ئۇلار دۇچار بولىدىغان قەبرە ھاياتىدىكى ئازابنى كۆرسىتىدۇ".

ئىنسان ئۈچۈن ئىككى تۈرلۈك ھايات بار: بىرى تۇغۇلۇش بىلەن باشلىنىپ ئۆلۈم بىلەن ئاياغلىشىدىغان ھايات، يەنى دۇنيا ھاياتىدۇر. ئىككىنچىسى، قىيامەت كۈندە ئىنسان قەبرىسىدىن تىرىلىپ قوپۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بەرگەندىن كېيىن جەننەت ياكى دوزاخقا ئايرىلىدىغان مەڭگۈلۈك ھايات يەنى ئاخىرەت ھاياتىدۇر. بۇ ئىككى خىل ھايات ئوتتۇرىسىدا ئىنسان بېشىدىن كەچۈرىدىغان يەنە بىر تۈرلۈك ھايات بولۇپ، ئۇ قەبرە ھاياتىدۇر. قەبرە ھاياتى "ھاياتى بەرزەخىيە" دەپ ئاتىلىدۇ. "بەرزەخ" سۆزىنىڭ "دۇنيا ھاياتى بىلەن ئاخىرەت ھاياتىنى ئايرىغۇچى" دېگەن ئىستىلاھ مەنىسى ئۇنىڭ ئەرەبچە "ئىككى نەرسىنى ئايرىپ تۇرغۇچى پاسىل" دېگەن لۇغەت مەنىسىدىن كەلگەن.

**ئۇلارنىڭ (يەنى كۇپپارلارنىڭ) بىرىگە ئۆلۈم كەلسە ئېيتىدۇكى: "پەرۋەردىگارىم! مېنى (دۇنياغا) قايتۇرغىن. مەن قويۇپ كەلگەن مال-مۈلكۈم بىلەن ياخشىلىق قىلىشىم مۇمكىن". (ئۇنىڭ دۇنياغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم شۇ سۆزنى قىلغۇچىدۇر، ئۇلار قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا (ئۇلارنى دۇنياغا قايتىشتىن توسىدىغان) بىر توسما بولىدۇ.**

—— سۈرە«مۇئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)، 99 ـ ، 100 ـ ئايەت.

**ئۇلارنى ئىككى قېتىم(يەنى دۇنيادا قەتلى قىلىش ۋە ئەسىر ئېلىش بىلەن، ئۆلگەندە گۆر ئازابى بىلەن) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) قايتۇرۇلىدۇ.**

—— سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 101 ـ ئايەت.

مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتىكى توسما ۋە ئىككىنچى قېتىملىق جازا بەرزەخ ھاياتىدىكى ئازابنى كۆرسىتىدۇ دەپ تەپسىر قىلىدۇ.

قەبرە ھاياتى ھەر بىر مۇسۇلمان ئىشىنىشى زۆرۈر بولغان ئەقىدە ھېسابلىنىدۇ. قەبرە ھاياتىدىكى مۇھىم ھادىسە مۇنكىر ـ نەكىر ئىسىملىك ئىككى پەرىشتىنىڭ مېيىتنى سوئال ـ سوراق قىلىدىغانلىقى،

مېيىتنىڭ دۇنيادىكى ئەمەللىرىگە يارىشا ئازاب تارتىشى ياكى نېمەتكە ئېرىشىشى ۋە بۇ ئازاب ياكى نېمەتنىڭ تاكى قىيامەتكىچە داۋام قىلىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ھەدىسلىرىدە قەبرە ھاياتىنىڭ ھەقلىقىنى بايان قىلغان، ئىبادەتلىرىدە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلىگەن ھەم شۇنداق قىلىشنى ئۆز ئۈممىتىگە تەۋسىيە قىلغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنۇ دۇئانى خۇددى قۇرئان سۈرىلىرىنى ئۆگەتكەندەك ئۆگەتكەنتى: ’ئى پەرۋەردىگارىم ساڭا سىغىنىپ جەھەننەم ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، تىرىكلەر ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن‘ “(ئىمام مۇسلىم توپلىغان). ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەندە ئەتىگەن-ئاخشىمى ئۇنىڭغا ئاخىرەتتىكى ئورنى توغرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بولسا جەننەت نېمىتىنى، دوزاخ ئەھلىدىن بولسا دوزاخ ئازابىنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: ’بۇ سېنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنۇڭ، قىيامەت كۈنى تىرىلگەندە مانا مۇشۇ ئورۇن ساڭا تېگىشلىك بولىدۇ‘ دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئاخىرەتتىكى ئازابلىرى ياكى نېمەتلىرى ئايان بولىدۇ“ (ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم توپلىغان). ئەبى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”قەبرە دوزاخ ئوتى يالقۇنجىغان ئورەكلەردىن بىر ئورەك ۋە ياكى جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىدىن ئىبارەتتۇر“ (ئىمام تىرمىزى توپلىغان). ئەھلى سۈننە ۋە جامائە بىرلىككە كەلگەن پىكىر شۇكى، مېيىتقا نىسبەتەن قەبرە ئازابى ۋە نېمىتى روھ ۋە بەدەنگە تەڭ چۈشىدۇ. ئادەم مەيلى ئوتتا كۆيۈپ، سۇدا ئېقىپ ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ ئۆلگەن بولسۇن، قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ياكى قىلىنمىغان بولسۇن قەبرە ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ ۋە سوئال-سوراق قىلىنىدۇ. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرە تىلغا ئېلىنسا يىغلاپ ھەتتا ساقاللىرىمۇ كۆز يېشى بىلەن ھۆللىنىپ كېتەتتى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭدىن: ”جەننەت بىلەن دوزاخ تىلغا ئېلىنغاندا يىغلىمايسىز، نېمىشقا قەبرە تىلغا ئېلىنسا يىغلايسىز؟“ دەپ سورىغان. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ”مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ’قەبرە ئاخىرەتنىڭ تۇنجى مەنزىلىدۇر، ئەگەر بەندە قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئاسان بولىدۇ. ئەگەر قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلالمىسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئۇنىڭدىن بەتتەر تەس بولىدۇ‘ “(تىرمىزى توپلىغان).

**قەبرىنىڭ زۇلمىتى:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مەسچىتنى سۈپۈرىدىغان بىر ئايال بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەچچە كۈنگىچە ئۇ ئايالنى كۆرمەي ئۇنى ساھابىلەردىن سورىغان. ساھابىلار ئۇ ئايالنىڭ نەچچە كۈن ئىلگىرى كېچىدە تۈگەپ كەتكەنلىكىنى، رەسۇلۇللاھنى ئويغىتىشنى خوپ كۆرمەي، دەپنە قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ قەبرىسىنى سوراپ بېرىپ ناماز ئوقۇغان ۋە: ”بۇ قەبرىلەر زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا تولغان بولىدۇ، ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئوقۇغان نامىزىم بىلەن قەبرىنى نۇرلاندۇرىدۇ“ دېگەن. (ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان).

**قەبرىنىڭ مېيىتنى سىقىدىغانلىقى:** ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، ھەر قانداق مېيىت قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن، مەيلى قېرى، ياش، سالىھ ياكى پاسىق بەندە بولسۇن، قەبرە مېيىتنى قىسىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ” ۋاپاتىغا ئەرش تەۋرىگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلغان، جىنازا نامىزىغا 70مىڭ پەرىشتە ھازىر بولغان سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندا، سەئىدنى قەبرە بىر قېتىم سىققاندىن كېيىن قويۇپ بەردى“. ” قەبرىنىڭ مېيىتنى سىقىدىغانلىقى ھەقتۇر، ئەگەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولسا، سەئىد ئىبنى مۇئاز قۇتۇلغان بولاتتى“ (ئىمام ئەھمەد، نەسائى توپلىغان).

**قەبرىدىكى سوئال-سوراق:** مېيىت قەبرىگە دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ روھىنى تېنىگە قايتۇرىدۇ ۋە پەرىشتىلەر تەرىپىدىن سوئال-

سوراق قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە «سەھىھۇل بۇخارى»، «سەھىھۇل مۇسلىم»، «سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد»، «سۇنەنى نەسائى»لاردا خېلى كۆپ ھەدىسلەر كەلگەن. بۇ يەردە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىككى ھەدىسنىلا كەلتۈرىمىز. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "مېيىت قەبرىگە قويۇلۇپ ھەمراھلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ماڭغاندا، مېيىت ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە: 'مۇھەممەد ھەققىدە نېمە دەيسەن؟' دەپ سورايدۇ. مۇئمىن بولسا: 'مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى' دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: 'قارا، ئاللاھ سېنىڭ دوزاختىكى ئورنىڭنى جەننەتتىكە ئالماشتۇرۇپ بەردى' دەيدۇ، ئۇلار جەننەتتىكى ئورۇننى كۆرىدۇ ۋە قەبرىدىن جەننەتكە بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ. ئەمما كۇپپار ياكى مۇناپىق بولسا پەرىشتىلەرنىڭ سوئاللىرىغا: 'بىلمەيمەن، كىشىلەر نېمە دېگەن بولسا مەنمۇ شۇنى دەيتتىم' دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا: 'سەن ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىمىدىڭ، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇمىدىڭ' دېيىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تۆمۈر توقماق بىلەن ئىككى قۇلىقىنىڭ ئارىسىغا شۇنداق قاتتىق ئۇرىدۇكى، ئۇنىڭ نالە-پەريادىنى ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن باشقىلار ئاڭلايدۇ" (ئىمام بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

بەررا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان سەكرات ھەققىدىكى ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "...روھ جەسەتكە قايتقاندىن كېيىن، ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە: 'پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە؟ سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئۇ ئادەم كىم؟' دەپ سورايدۇ. بۇ مۇئمىن دۇچ كېلىدىغان ئاخىرقى سىناقتۇر. مۇئمىن: 'پەرۋەردىگارىم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر' دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەرىشتىلەر: 'ئەمەلىڭ نېمە؟' دەپ سورىغاندا، مۇئمىن: 'ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئىمان ئېيتتىم' دەيدۇ. بۇ چاغدا ئاسماندىن 'بەندەم راست ئېيتتى، ئۇنىڭغا جەننەتتىن بىر سېلىنچا سېلىپ بېرىڭلار، جەننەتتىن بىر كىيىم كىيدۈرۈڭلار، ئۇنىڭغا جەننەتكە قارايدىغان بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار' دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەبرىگە جەننەتنىڭ خۇشھىدى توشۇپ، قەبرىسى كېڭەيتىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئاي يۈزلۈك، ئېسىل كىيىملىك، خۇشبۇي بىر كىشى كېلىپ: 'ساڭا سېنى خۇش قىلىدىغان بىر نەرسە بىلەن خۇش بېشارەت بېرىمەن. مانا بۇ ساڭا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر' دەيدۇ. مۇئمىن ئۇ كىشىگە: 'ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى يۈز بىلەن كەلگەن بۇ ئادەم (يەنى سەن) كىم؟' دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى: 'مەن سېنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭ بولىمەن' دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇئمىن: 'ئى پەرۋەردىگارىم، تېزراق قىيامەت بولسىكەن، ھەتتا مەن ئائىلەمدىكىلەر ۋە مال-مۈلكۈمگە قايتىپ بارسامكەن' دەيدۇ. ئەگەر مېيىت كۇپپار، پاسىق بولسا، پەرىشتىلەرنىڭ: 'پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ دېگەن سوئالىغا: ھا، ھا... بىلمەيمەن' دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن: 'دىنىڭ نېمە؟ سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئۇ ئادەم ھەققىدە نېمە دەيسەن؟' دەپ سورىسا، ئوخشاشلا: 'ھا،ھا... بىلمەيمەن' دەيدۇ. بۇ چاغدا ئاسماندىن "بەندەم يالغان ئېيتتى، ئۇنىڭغا دوزاختىن بىر سېلىنچا سېلىپ بېرىڭلار ۋە دوزاختىن بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار' دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەبرىنى دوزاخنىڭ قىزىق ئوت يالقۇنى، سېسىق كۆيۈك پۇراقلىرى قاپلايدۇ. قەبرە مېيىتنى قاتتىق سىققانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇگە-ئۇگىلىرى بىر-بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. بەتبەشىرە، كىيىملىرى ئەسكى، بەتبۇي بىر كىشى كېلىپ مېيىتكە: 'ساڭا يامان تۇيۇلىدىغان بىر نەرسە بىلەن ساڭا خۇش خەۋەر بېرىمەن. مانا بۇ ساڭا دۇنيادا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر' دەيدۇ. مېيىت: 'يۈزۈڭدىن يامانلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ، سەن كىم؟' دەپ سورايدۇ، ئۇ كىشى: 'مەن سېنىڭ يامان ئەمەللىرىڭ' دەيدۇ. كۇپپار بولسا: 'ئى پەرۋەردىگارىم، ھەرگىز قىيامەت قىلمىغىن' دەيدۇ" (شەيخ نەسىرىددىن ئەلبانى بۇ ھەدىسنىڭ ھەممە خىل رىۋايەتلىرىنى يىغىپ بىر سىياقتا كەلتۈرگەن ۋە بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، مۇسلىمنىڭ شەرتىگە لايىق سەھىھ ھەدىس دېگەن).

قىيامەت كۈنىگىچە يەنى بەرزەخ ھاياتىدا روھنىڭ قەيەردە قايسى خىل ھالەتتە مەۋجۇت

بولىدىغانلىقى ئاللاھقا مەلۇملۇق بولغان غەيب ئىلىملەر جۈملىسىدىندۇر. بىز بۇ ھەقتە پەقەتلا بەزى ھەدىس ۋە سەلەپ ئالىملاردىن كەلگەن بەزى مەلۇماتلارنى كەلتۈرەلەيمىز. ئەمما ئۇنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر. مەشھۇر ئالىم ئىبنى قەييىم بۇ ھەقتىكى بەزى سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ مۇنداق يازغان: "بەرزەخ ھاياتىدا روھلارنىڭ ئوخشىمايدىغان، يۇقىرى ـ تۆۋەن دەرىجىلىرى بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرى ئەڭ يۇقىرى مەنزىلدە بولىدۇ. ئاندىن شېھىتلەرنىڭ، ئاندىن سالىھ بەندىلەرنىڭ روھلىرى جەننەت نېمەتلىرىدە بولىدۇ".

«شرح عقيدة الطاوية» كىتابىدا قەبرە ھاياتى توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان: "ھەر بىر ئادەم مەيلى ئۇ قايسى خىل شەكىلدە ئۆلۈشىدىن قەتئىينەزەر، قەبرە ھاياتىدىكى ئازاب ياكى نېمەتنى تېتىيدۇ. بىزگە پەقەت ئۇنىڭغا ئىشىنىش، ئىمان ئېيتىش ۋاجىپتۇر. روھنىڭ تەنگە قانداق قايتىدىغانلىقى، روھنىڭ قەيەردە، قايسى خىل ھالەتتە مەۋجۇت بولىدىغانلىقى، ئازاب ۋە نېمەتنىڭ قايسى رەۋىشتە بولىدىغانلىقىدەك تەپسىلاتلار ئۈستىدە ئىزدىنىش ئارتۇقچىدۇر. چۈنكى ئىنسان ئەقلى بۇ غەيبلەرنى بىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ئەمما ئاسمان ـ زېمىننى، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى جىمى نەرسىلەرنى ياراتقان ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

**ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا "ۋۇجۇتقا كەل" دەيدۇ-دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.**

ـــ سۈرە«ياسىن (36 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت

مانا بۇ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ كۆز قارىشى، شۇنداقلا ئىنسانىنىڭ چەكلىك ئەقلى ۋە بۇ دۇنيادىكى چەكلىك ھېس ـ تۇيغۇسى بىلەن ھەممە ئاجايىباتلارغا جاۋاب تاپماقچى بولغانلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ. ئاللاھ تائالا كىتابىدا ئېيتقانىدەك ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتقان، ئاخىرەت ۋە دوزاخ ئازابىنى كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇنداق كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

قەبرە ھاياتى ھەقتۇر، ئۇنىڭدىكى ئازاب ۋە نېمەت ھەقتۇر. پەقەت تەقۋادارلىق ۋە ياخشى ئەمەللەر ئىنساننى قەبرە ئازابىدىن ساقلايدۇ. مۆئمىن قەبرىسىنى ھاياتلىقىدىكى ياخشى ئەمەللىرى بىلەن بېزەيدۇ.

ئۆلۈمنى ۋە ئاخىرەتنى ياد ئېتىش، ئىبرەت ئېلىش، مېيىتلارغا خەيرلىك دۇئا قىلىشتەك مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشقا بولىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى يوقلاشتىن چەكلىگەنىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ، قەبرىلەرنى يوقلاشتا سىلەرگە ياخشىلىق بار. كىم قەبرىنى زىيارەت قىلماقچى بولسا قىلسۇن، ئەمما بىھۇدە سۆزلەرنى قىلمىسۇن"** (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ يەردىكى "بىھۇدە سۆز" يالغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن چاغلاردا ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرى بىلەن ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتنىڭ قىلمىقلىرى، گەپ ـ سۆزلىرىنى قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قەبرىلەرنى يوقلاشتىن توسقان. ئىسلام دىني ئەھكاملىرى مۇقىملىشىپ، كىشىلەر دىني ئەھكاملارنى پۇختا بىلگەن، قەدەملىرى دىندا مۇستەھكەم بولغاندا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش بىلەن بىرگە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپلەرنىمۇ بېكىتىپ بەرگەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ھەج پائالىيىتىنى قانداق ئادا قىلىش كېرەك؟

مۇھتەرەم ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھەج قىلىش ئىقتىسادىي مالنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلىش بىلەن بىرگە، بىر قاتار پائالىيەت تەرتىپلىرىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت، ئورۇن تەلەپلىرى بويىچە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئورۇنداشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھەج قىلماقچى بولغان كىشى ئالدى بىلەن ئۆزى ئادا قىلماقچى بولغان ھەجنىڭ قايسى تۈردىكى ھەج ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئادا قىلىش تەرتىپلىرىنى، ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرىنى تولۇق بىلىۋېلىشى كېرەك.

## ھەجنىڭ تۈرلىرى

ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش ئىبادىتى خاراكتېر جەھەتتىن ئۆمرە ۋە ھەج دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى ئاتالغۇ لۇغەت جەھەتتىن ”ئۇلۇغ جايغا ئىنتىلىپ شۇ جاينى زىيارەت قىلىشنى نىشانلاش“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ھەر ئىككىلا پائالىيەتتە مۇسۇلمانلار ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۆيى بەيتۇللاھنى مەلۇم پائالىيەت تەرتىپلىرى بىلەن زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، لېكىن ھەج پائالىيىتى پەقەت بەلگىلىك ۋاقىتلار ئىچىدە بەزى ئورۇن - تەرتىپلەر مۇئەييەنلەشكەن ھالدا ئورۇنلاش تەلەپ قىلىنغان پەرز ئىبادەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىر يىلنىڭ ھەممە ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىشى رۇخسەت قىلىنغان سۈننەت ھۆكمىدىكى ئۆمرە پائالىيىتىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ھەج پەرزى ھەج قىلماقچى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھرامغا كىرگىچە قىلغان نىيىتى، ھەج پائالىيىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش تەرتىپى ھەم ئۇسۇلى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۆمرە پائالىيىتى بولسا بەزىدە ھەج پائالىيىتىگە قوشۇلۇپ بىرگە يانداشتۇرۇلۇپ ئورۇندىلىدۇ، بەزىدە ئايرىم ئورۇندىلىدۇ، بەزىدە ئۆمرە پائالىيىتى چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ھەج قىلىش پائالىيىتى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**1)** حج الافراد (ھەججۇلئىفراد): بۇ ”يەككە ھەج“ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەج ۋاقتى قىستاپ قالغان ۋاقىتتا، ئالدى بىلەن ئۆمرە ھەج قىلىپ ئاندىن ھەج قىلىشقا ئىمكانىيەت قالمىغان بولسا بۇ تۈردىكى ھەج قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سىرتىدىن كەلگەن ھاجىلار مىقاتتىن ئېھرام باغلاپ ئىفراد (يەككە) ھەجى نىيىتى بىلەن مەككىگە كىرىپ بەيتۇللاھتا تاۋاپى قۇدۇم قىلىپ (ئاللاھنىڭ ئۆيىگە سالام بېرىش تاۋاپى، بۇ سۈننەت)، سافا - مەرۋىدە سەئىيە قىلىپ (بۇ سەئيەنى ھەجدىن بۇرۇن قىلىۋالسا ھەجدىن كېيىن قىلمىسىمۇ بولىدۇ، ئەگەر ھەجدىن بۇرۇن قىلمىغان بولسا ھەجنىڭ تاۋاپى زىيارىتىنى قىلغاندىن كېيىن قىلىدۇ) بولۇپ، چاچنى ئالدۇرماي شۇ ئېھرام بىلەن زۇلھەججىنىڭ 8 - كۈنى مىناغا چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قالغان پائالىيەتلەرنى ئورۇندايدۇ. بۇ خىل ھەج تۈرىدە قۇربانلىق كەلمەيدۇ. بۇ خىل ھەجنى يەرلىك كىشىلەر قىلغاندا ياكى شۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان كىشىلەر قىلماقچى بولغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرغان ئۆيىدىن ئېھرام باغلاپ بىۋاسىتە مىناغا چىقسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇلار تاۋاپى زىيارەتتىن

كېيىن سەئيە قىلىدۇ.

2) حج التمتع (ھەججۇتتەمەتتو): بۇ ”بەھرىمەن ھەجى“ دېگەن مەنىدە. بۇ خىل ھەج تۈرىدە مىقاتتىن ئۆمرە بىلەن ھەجگە تەڭ نىيەت قىلىپ، ئۆمرە ھەجنى تاماملىغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ، زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنى قايتا ئېھرام باغلىغىچە بولغان بوش ئارىلىقتا، ھەجنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ئېھرام ئىچىدە چەكلەنگەن نۇرغۇنلىغان ئىشلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ ھەجنى قىلغۇچى زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنى ئۆزى تۇرغان ئۆيىدىن ئېھرام باغلاپ مىناغا چىقىپ قالغان پائالىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ خىل ھەج قىلىش تۈرىدە بەھرىمەن بولغان ئىشلىرىنىڭ شۈكرانىسىغا ھېيت كۈنى قۇربانلىق قىلىدۇ.

3) حج القران (ھەججۇلقىران): بۇ ”قوشما ھەج“دېگەن مەنىدە. بۇ خىل ھەجنى ئورۇنلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ ”ئۇلانما ھەج“ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ مىقاتتىن ئېھرام باغلاپ، ئۆمرە بىلەن ھەجنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئادا قىلىشنى نىيەت قىلىپ، مەككىگە كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆمرە پائالىيەتلىرىنى تاماملايدۇ. ئەمما چاچ، ساقاللارنى ئالمايدۇ ھەم ئېھرامدىن چىقمايدۇ. زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنى شۇ ئېھرام بىلەن مىناغا چىقىپ قالغان پائالىيەتلەرنى تاماملايدۇ، بۇ ھەجدە ھەم قۇربانلىق قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ تۈرنىڭ ئىچىدە قوشما ھەج ئەڭ ئەۋزەل ھەم ساۋابى كۆپ، رەسۇلۇللاھ بۇ خىل تۈردىكى ھەجنى قىلغان. ئەمما بەھرىمەن ھەجى قوشما ھەجگە قارىغاندا بىر دەرىجە تۆۋەن بولسىمۇ يەككە ھەجدىن ئەۋزەل، ساۋابى ھەم ئۇنىڭدىن كۆپ. بۇ خىل تۈردىكى ھەج سەئۇدى ئەرەبىستانى دۆلىتىنىڭ سىرتىدىن كېلىدىغان مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئادا قىلىش قۇلايلىق. شۇڭا جۇڭگودىن بارغان ھاجىلار بۇ خىل تۈردىكى ھەجگە نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلايدۇ.

## ھەجنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلىرى

ھەج قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ ھەجنىڭ ئەھكاملىرىنى، تەرتىپلىرىنى تولۇق بىلىۋېلىشى، نېمىنىڭ پەرز، نېمىنىڭ ۋاجىپ، نېمىنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىشى ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداق قىلغاندا بىر ئۆمۈر ئىشلەپ پۇل يىغىپ، ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ نۇرغۇنلىغان ئارزۇ ـ ئىستەكلەر ئىچىدە ئادا قىلغان پائالىيەتلىرى بىكارغا كېتىپ قالمايدۇ. چۈنكى ھەجنىڭ بىر پەرزى چۈشۈپ قالسا، ھەج بۇزۇلىدۇ، بىر ۋاجىبى چۈشۈپ قالسا بىر مالنى قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. شۇڭا مۇكەممەل ھەج قىلىمەن دېگەن كىشى ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى ئەھكاملارنى چوقۇم بىلىۋېلىشى كېرەك:

**ھەجنىڭ پەرزلىرى:**

1) ئېھرامغا كىرىش؛ 2) زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنى ئەرەفات مەيدانىدا تۇرۇش؛ 3) زۇلھەججىنىڭ 10 ـ ،11 ـ ، 12 ـ كۈنلىرى ئىچىدە تاۋاپ زىيارەت قىلىش.

**ھەجنىڭ ۋاجىپلىرى:**

1) مىقاتتا ئېھرام باغلاش؛ 2) سافا ـ مەرۋىدە سەئيە قىلىش؛ 3) چاچ قىرقىتىپ ياكى چۈشۈرۈپ ئېھرامدىن چىقىش؛ 4) مۇزدەلىفەدە تۇرۇش؛ 5) شەيتانغا تاش ئېتىش؛ 6) خوشلىشىش تاۋاپى قىلىش؛ 7) ھېيت كۈنى تاش ئېتىش، زەبھە قىلىش، چاچ ئالدۇرۇشنى ئۆز تەرتىپى بىلەن ئورۇنلاش؛ 8) تاۋاپتا تاھارەت بىلەن بولۇش؛ 9) تاۋاپتا ئەۋرەتنى يېپىق تۇرۇش؛ 10) تاۋاپنى يورغىلاپ قىلىش؛ 11) تاۋاپتىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇش؛ 12) سەئيىنى سافا تېغىدىن باشلاش؛ 13) شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى شۇ كۈنى ئېتىش؛ 14) ئەرەفاتتا تۇرىدىغان ۋاقتنى كۈن ئولتۇرغىچە داۋاملاشتۇرۇش؛ 15) تاۋاپ زىيارەتنى ھېيتنىڭ 3 ـ كۈنى كۈن ئولتۇرۇپ بولغىچە قىلىپ بولۇش؛ 16) چاچ ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىش ھەرەم دائىرىسى ئىچىدە بولۇش؛ 17) شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ مۇزدەلىفەدە خۇپتەننىڭ ۋاقتىدا ئوقۇش؛ 18) مۇزدەلىفەدە تۇرۇش ۋاقتىنى تاڭ يورىغىچە سۇرۇش.

**ھەجنىڭ سۈننەتلىرى:**

1) ئېھرامغا كىرىشتىن ئاۋۋال غۇسلى قىلىش؛ 2) تاۋاپتىن كېيىن سافا ـ مەرۋىدە سەئيە قىلىشنى كېچىكتۈرمەسلىك؛ 3) ئېھرامغا كىرىشتىن

ئاۋۋال ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش؛ 4) ئەر كىشىلەر ئاۋازلىق ھالدا تەلبىيە ئوقۇش؛ 5) تاۋاپ قىلغاندا ئۇنىڭ مۈرىسىنى ئوچۇق قويۇش؛ 6) سافا ـ مەرۋىدە سەئيى قىلغاندا ئىككى يېشىل چىراغ ئارىسىدا يۈگۈرۈش؛ 7) شەيتانغا تاش ئاتىدىغان كۈنلەردە منادا قونۇش.

ھەجنىڭ پەرزلىرىنى ھەنەفىلەر بىردەك ئۈچ دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەجنىڭ ۋاجىپلىرى، سۈننەتلىرى مەسىلىسىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان سانلار بايان قىلىنغان. يۇقىرىدا ھەجنىڭ ۋاجىپ، سۈننەتلىرى بىر قەدەر ئورتاقلىققا ئىگە بولغان قاراشلار ئاساس قىلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## ھەج پائالىيىتىنى ئورۇنداش تەرتىپلىرى

ھەج ئادا قىلماقچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، شارائىتى ياكى ۋاقتىغا قاراپ يەككە ھەج قىلىش، بەھرىمەن ھەجى قىلىش ياكى قوشما ھەج قىلىش دېگەن ھەج تۈرلىرىدىن ئۆزىنىڭ ۋاقتى، شارائىتىغا مۇۋاپىق كەلگىنىنى تاللاپ شۇ ھەج تۈرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نىيەت قىلىپ ئېھرام باغلايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانى دۆلىتىنىڭ سىرتىدىن كېلىدىغان كۆپىنچە ھاجىلار بەھرىمەن ھەجنى قىلىشنى ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق، ئورۇنداشقا قولايلىق ھەم ئاسان دەپ شۇ خىل ھەج تۈرىنى تاللايدۇ. جۇڭگودىن بارىدىغان ھاجىلار بۇ خىل تۈردىكى ھەج پائالىيىتىنى تەشكىللىك ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا بۇ خىل تۈردىكى ھەج پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشتا تۆۋەندىكى تەرتىپلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك:

**ئېھرام باغلاش**

ھەج قىلماقچى بولغان كىشى مەيلى قۇرۇقلۇق بىلەن سەپەر قىلغان بولسۇن، مەيلى دېڭىز يولى بىلەن سەپەر قىلغان بولسۇن، مەيلى ھاۋا يولى بىلەن سەپەر قىلغان بولسۇن، مەككە ئەتراپىدىكى ئېھرام باغلاش ئۈچۈن چېگرا قىلىپ بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا ياكى شۇ ئورۇنلار بىلەن پاراللېلاشقان رايونلارغا كەلگەندە ياكى شۇ رايونلارغا يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال ئېھرام باغلىشى كېرەك. ئەگەر شۇ چېگرالاردىن ئېھرام باغلىماي ئۆتۈپ كەتسە قايتىپ بېرىپ شۇ بېكىتىلگەن رايونلاردىن باشلاپ ئېھرام باغلاپ كىرىشى كېرەك. ئۇنداق قىلالمىسا ئۇ كىشىنىڭ بىر مالنى قۇربانلىق قىلىپ كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىشى ۋاجىپ بولۇپ قالىدۇ. ئېھرام باغلاش ئۈچۈن بېكىتىلگەن ئورۇنلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ئارقىلىق ئوچۇق كۆرسىتىلگەن: مەدىنە تەرەپتىن يولغا چىققان ھاجىلار مەدىنە شەھىرىدىن 18 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەبيارو ئەلى (زۇلھۇلەيفە) دېگەن جايدىن ئېھرام باغلايدۇ؛ قىزىل دېڭىز يولى بىلەن ياكى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا يولى بىلەن مالايسىيا، جۇڭگو، ھىندىستان، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلار يەلەملەم دېگەن جايغا ياكى ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېھرام باغلايدۇ (بۇ جاي مەككە شەھىرىدىن تەخمىنەن 120 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان)؛ نەجدە تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلار قەرنى مەنازىل دېگەن جايغا ياكى ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېھرام باغلايدۇ (بۇ جاي ھازىر "سەيل" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جاي مەككىدىن 75 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان)؛ ئىراق تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلار زاتۇ ئىرقى دېگەن جايغا ياكى شۇ جاينىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېھرام باغلايدۇ؛ سۈرىيە، لىۋان، پەلەستىن ۋە ئىئوردانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلار جۇھفە دېگەن جايغا كەلگەندە ياكى شۇ جاينىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېھرام باغلايدۇ (ھازىر بۇ جاي ۋەيرانە بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىنىراق جايغا ئورۇنلاشقان رابىغ دېگەن جايدىن ئېھرام باغلاۋاتىدۇ). بۇ رايونلاردىكى ئېھرام باغلاش بەلگىلەنگەن جايلار، رايونلار ئىسلام شەرئىتىدە "مىقات" دەپ ئاتىلىدۇ. جۇڭگو ھاجىلىرى ھەج سەپىرىدە بىۋاستە ھالدا مەككىگە كىرىشنى پىلانلىسا، يول ئۈستىدە ئايروپىلاندا تۇرۇپلا ئېھرام باغلىسا بولىدۇ، ئەگەر ئېھرام باغلىمايلا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە ئايرودرومىغا چۈشۈپ قالسا مىقاتتىن ئۆتۈپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇدۇل مەدىنىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى زىيارەت پائالىيەتلىرىنى تاماملاپ مەدىنىلىكلەر ئېھرام باغلايدىغان جاي زۇلھۇلەيفەدىن ئېھرام باغلاپ مەككىگە كىرىشكە توغرا كېلىدۇ.

جۇڭگو ھەج ئۆمىكى يېقىنقى يىللاردىكى

ھەج پائالىيەتلىرىدە ئالدى بىلەن مەدىنىدىكى زىيارەت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنداشنى پىلانلىغانلىقى ئۈچۈن يول ئۈستىدە ئېھرام باغلىمايلا جىددە ئايرودرومىغا چۈشۈپ مەدىنىگە بېرىپ ئۇ يەردىكى زىيارەت پائالىيەتلىرى تاماملانغاندىن كېيىن مەككىگە بېرىش يولى ئۈستىدىكى ئېھرام باغلاش چېگرىسىدا ئېھرام باغلاپ مېڭىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ بىۋاستە مەدىنە ئايرودرومىغا چۈشۈشنى باشلىدى. بۇنداق قىلىش جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ھەم ھاجىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىۋاتىدۇ.

ئېھرام باغلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن غۇسلى تاھارەت ئېلىش ياكى پاكىزە بولسا كىچىك تاھارەت ئېلىش كېرەك. ئېھرام ئېچىگە كىرگەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ ھەمدە قەلبىدە بەھرىمەن ھەجنى قىلىش ئىرادىسىگە كېلىپ نىيەت قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئېغىزدا: اللهم انى أريد الحج والعمره فيسرهما لى وتقبلهما منى (ئاللاھۇممە ئىننى ئۇرىيدۇلھەججە ۋەلئۇمرە فەيەسسىرھۇمالى ۋە تەقەببەلھۇما مىننى. مەنىسى: ئەي ئاللاھ! مەن ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نىيەت قىلدىم، شۇڭا سەن ئۇ ئىككىسىنى ماڭا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن ھەمدە مېنىڭدىن قوبۇل قىلغىن) دەپ ئىپادىلىشى كېرەك.

### ئېھرامغا كىرىش

ئېھرامغا كىرىشتە تۆۋەندىكى شەرتلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك: 1) ئېھرامغا كىرىشتە پەقەت ئەر كىشىلەرلا ئېھراملىق ئېچىگە كىرىدۇ، ئاياللار تاھارەت ئېلىپ، ئۆزىنىڭ پاكىزە، رەڭدار بولمىغان كۆينەك ـ كىيىملىرى بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئارقىدىن ئۆزى ئادا قىلماقچى بولغان ھەج تۈرىگە نىيەت قىلسىلا بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئېھراملىقى قول ياكى ماشىنا بىلەن تىكىلمىگەن توقۇلما رەخت بولۇشى، ئەر كىشىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئومۇمىي ئورۇلۇشىغا يەتكۇدەك بولۇشى كېرەك. شۇڭا بەزى كىشىلەر ئەر كىشىلەرنىڭ ئېھراملىقىغا ئۆلچەم قىلىپ ئۈستى ئېھراملىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.30 مېتىر، كەڭلىكى 1.25 مېتىر ئەتراپىدا بولۇشى، ئاستى ئېھراملىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.00 مېتىر، كەڭلىكى 1.20 مېتىر بولۇشى مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ؛ 2) ئېھرام باغلىغاندا باشقا دوپپا كىيىشكە بولمايدۇ؛ 3) ئېھراملىقنىڭ ئېچىگە مايكا، قىسقا ئىشتان، كۆڭلەك دېگەندەك نەرسىلەرنى كىيىشكە بولمايدۇ؛ 4) تىكىلگەن ئاياغ كىيىشكە بولمايدۇ، ساپما ئاياغ كىيىۋالسا بولىدۇ، ساپما ئاياق بولمىغاندا ئوشۇق ئاستىدا تۈرىدىغان تىكىلىك ئاياغنى كىيسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ نورمال تىكىلىك كىيىملىرى بىلەن ئېھرامغا كىرسە بولىدۇ.

ئېھرامغا كىرگەن مەزگىلدە ھاجىلار تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك: 1) غەيۋەت ـ شىكايەت قىلماسلىقى كېرەك؛ 2) چاچ ئالدۇرۇشقا، بەدىنىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇشقا، تىرناق ئېلىشقا بولمايدۇ؛ 3) ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ؛ 4) نىكاھلىنىشقا، نىكاھ ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشكە بولمايدۇ؛ 5) جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ (بۇنىڭدا ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان، زەھەرلەيدىغان چايان، چاشقان، غالجىر ئىت، سار، يىلان قاتارلىق بەش خىل ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنغان، شۇڭا ئادەملەرگە خەتىرى بار، ئۇلارغا زىيانلىق ئېلىپ كېلىدىغان بۇنىڭدىن باشقا جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى توغرىسىدا بەزى ئۆلىمالار پەتىۋا بەرگەن)؛ 6) جېدەل ـ ماجىرا قىلماسلىق كېرەك؛ 7) خۇشپۇراق سوپۇن ياكى ئەتىر نەرسىلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

مىقاتتا ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن تەلبىيە ئوقۇش باشلىنىدۇ. ”تەلبىيە ئوقۇش“ دېگەنلىك ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بارلىق ئىنسانلارغا قارىتا نىدا قىلىپ: ”ھەج قىلىڭلار!“ دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاللاھنىڭ ئۆيى كەئبە تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن توۋلىغان شوئار ـ ئىبارىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھاجىلار ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن نامازنىڭ كەينىدە، ئورۇن يۆتكەلگەندە، ئولتۇرغاندا، تۇرغاندا، ماڭغاندا، يول ئۈستىدە بىر يېڭىلىقنى كۆرگەندە، دۆڭگە چىققاندا، دۆڭدىن چۈشكەندە، بىر جايدىن ئايرىلغاندا تەلبىيە ئوقۇشنى تەكرارلايدۇ.

### تەلبىيە ئىبارىسى

لبيك اللهم لبيك، لبيك لا شريك لك لبيك، ان الحمد والنعمة لك والملك لا شريك لك (لەببەيك، ئاللاھۇممە لەببەيك، لەببەيكە لاشەرىكە لەكە لەببەيكە، ئىننەلھەمدە، ۋەننىئمەتەلەكە ۋەلمۇلك لاشەرىكە لەكە. مەنىسى: ئەي ئاللاھ!! ‹مەن سېنىڭ چاقىرىغىڭغا ئاۋاز قوشۇپ› ھازىر بولدۇم! سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق! مەن (سېنىڭ بۇيرۇقىڭنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) ھازىر بولدۇم، بارلىق ھەمدۇسانا، نېمەت، پادىشاھلىقلارنىڭ ھەممىسى ساڭىلا خاس! سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق!)

ھاجىلار ھەجگە مېڭىشتىن ئاۋۋال ئۆگەنگەن ھەج ساۋاتلىرى بىلەن بىرگە بۇ تەلبىيە ئوقۇش ئىبارىسىنى يادلىۋېلىشى، ئۇنى توغرا، جاراڭلىق ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

ھاجىلار ئېھرام باغلاپ، تەلبىيە ئېيتىپ مەككە شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن، يۈك - تاقىلىرىنى ياتاقلىرىغا قويۇپ، ئازراق ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ غىزالىنىۋالىدۇ ھەمدە تاھارەت ئېلىپ بىرگە كەلگەن سەپەرداش ھاجىلار بىلەن قوشۇلۇپ، تەلبىيە ئوقۇپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا بارىدۇ. بەيتۇللاھنى كۆرۈش بىلەن تەلبىيە ئوقۇشنى توختىتىپ تەكبىر ئېيتىپ دۇئا قىلىدۇ، دۇئاسىدا: الله اكبر، الله اكبر، لا اله إلا الله والله اكبر، اللهم افتح لى أبواب رحمتك (ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلەھە ئىللاللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئەللاھۇممە ئىفتەھلى ئەبۋابە رەھمەتىكە. مەنىسى: ئاللاھ تەڭداشسىز، ئاللاھ تەڭداشسىز، بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللاھ تەڭداشسىز! ئەي ئاللاھ سەن ماڭا رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئېچىپ بەرگىن) دەيدۇ ھەمدە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشنى باشلايدۇ.

### تاۋاپ قىلىش

تاۋاپ قىلىش دېگەنلىك بەيتۇللاھنىڭ (ئاللاھنىڭ ئۆيىنىڭ) ئەتراپىنى ئايلىنىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭدا ھاجىلار بەيتۇللاھ ئەتراپىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىپ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ دۇئا قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇڭا تاۋاپ قىلىش جەريانىدا بەلگىلەنگەن دۇئالارنى ئوقۇپ تىلىسىمۇ بولىدۇ ياكى ئۆزى خالىغان ئارزۇ - تىلەكلەرنى ئوقۇپ دۇئا قىلىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما تاۋاپ قىلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1) تاۋاپ قىلغاندا ھەجەرۇل ئەسۋەتتىن باشلاپ ئايلىنىش، سول قول كەئبە تەرەپتە بولۇش، ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق تاۋاپتا ئوڭ قولنىڭ مۈرىسىنى ئوچۇق قويۇپ، قولنى ئېھرامدىن چىقىرىپ تېز سۈرئەتتە مېڭىش، قالغان تۆت تاۋاپتا ئاستا - ئاستا مېڭىش كېرەك.

2) تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ھەر بىر قېتىملىق تاۋاپنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ھەجەرۇل ئەسۋەدتە ئاخىرلىشىدۇ ھەمدە شۇ يەرگە كەلگەندە بىر تاۋاپ تاماملانغان ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر قېتىم شۇ يەرگە كەلگەندە ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈپ مېڭىش سۈننەت، لېكىن ھازىر ھەج قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغاچقا ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش ئۈچۈن قىستاشقا ۋە باشقىلارغا ئازار يەتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا ھەجەرۇل ئەسۋەدتىن ئۇدۇل سىزىلغان قارا سىزىقنىڭ ئورنىغا كەلگەندە قول ئىشارىتى قىلىپ ھەجرۇل ئەسۋەدكە بولغان مۇھەببىتىمىزنى ئىزھار قىلىپ (ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ) ئۆتۈپ كەتسەك بولىدۇ.

3) تاۋاپ قىلىش يەتتە قېتىم توشقاندىن كېيىن، ماقامە ئىبراھىمدا ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇۋاپىق بىر ئورۇندا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇلىدۇ، نامازدىن كېيىن شۇ جايدا تۇرۇپ دۇئا قىلىسىمۇ بولىدۇ، ئەگەر مۇمكىن بولسا مۇلتەزەمگە كېلىپ دۇئا قىلسا تېخىمۇ ياخشى.

### سەئيە قىلىش

ھاجى تاۋاپلىرىنى، نامىزىنى، دۇئاسىنى تۈگىتىپ بولۇپ، زەمزەم سۈيىدىن ئازراق ئىچكەندىن كېيىن سافا - مەرۋىدە يەتتە قېتىم سەئيە قىلىدۇ. ”سەئيە قىلىش“ دېگەنلىك بىر نەرسىگە تەشنالىق بىلەن ئالدىراپ مېڭىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ پائالىيەت ئۆز ۋاقتىدا بۈۋى ھاجەر ئانىمىز ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن بىر ۋاقىتتا سۇغا بولغان ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، ئوغلىنى ياتقۇزۇپ قويۇپ سۇ ئىزدەش تەشنالىقىدا بىردەم سافا تېغى تەرەپكە، بىر دەم مەرۋە تېغى تەرەپكە ئىنتىلىپ يۈگۈرگەن ۋەقەلىكنى خاتىرىلەش

يۈزىسىدىن بېكىتىلگەن. شۇڭا ھاجىلار بۇ يەردە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە تەشنالىق بىلەن ئىنتىلىپ سەئيە قىلىشى ھەمدە سەئيە قىلىش جەريانىدا ئاللاھقا تەلپۈنۈپ دۇئا قىلىپ مېڭىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ھاجىلار سەئيە قىلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1) سەئيە قىلىش سافادىن باشلىنىپ مەرۋىدە ئاخىرلىشىدۇ، سافادىن مەرۋىگە بېرىش بىر قېتىم، مەرۋىدىن سافاغا بېرىش بىر قېتىم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سافادىن مەرۋىگە تۆت قېتىم بېرىش، مەرۋىدىن سافاغا ئۈچ قېتىم بېرىش بىلەن يەتتە قېتىملىق سەئيە تامام بولىدۇ.

2) ھەر بىر قېتىملىق سەئيە قىلىش جەريانىدا ئىككى يېشىل چىراغ ئوتتۇرىسىدىكى قىسقا مۇساپىدە ئەرلەر يۈگۈرۈپ ماڭىدۇ، ئايال كىشىلەر نورمال سەئيە تەرتىپىدە ماڭىدۇ.

3) ھەر بىر قېتىملىق سەئيە قىلىش جەريانىدا بەلگىلەنگەن دۇئالارنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ ياكى ئۆزى تىلىمەكچى بولغان دۇئالارنى ئۆز تىلى بويىچە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، ھەر بىر قېتىملىق سەئيە قىلىش جەريانىدا ئوقۇغان دۇئانىڭ ئاخىرىدا تۆۋەندىكى ئايەت ئوقۇلىدۇ:

اِنَّ الصَّفَا وَلْمَرْوَةَ مِنْ شَعَائِرِاللهِ فَمَنْ حَجَّ الْبَيْتَ اَوْ اعْتَمَرَ فَلاَ جُنَاحَ عَلَيْهِ اَنْ يَطَّوَّفَ بِهِمَا فَمَنْ تَطَوَّعَ خَيْرًا فَاِنَّ اللهَ شَاكِرٌ عَلِيْمٌ(ئىننە سسەفا ۋەلمەرۋەتە مىن شەئائىرىللاھى فەمەن ھەججەلبەيتە ئەۋ ئىئتەمەرە فەلاجۇناھە ئەلەيھى ئەن يەتتەۋۋەفە بىھىما فەمەن تەتەۋۋەئە خەيرەن فەئىننەللاھە شاكىرۇن ئەلىم)

مەنىسى: **سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ(دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيە قىلسا ھېچ باك يوق. كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياخشىلىق قىلىدىكەن(ئاللاھ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ)، ئاللاھ ئەلۋەتتە شۈكۈرنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.**

—— سۈرە«بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 158 ـ ئايەت

4) سەئيە قىلىش جەريانىدا تاھارەت قىستاپ قالسا ياكى باشقا زۆرۈر ئەھۋال بولۇپ قالسا، مۇناسىۋەتلىك ئىشنى تۈگىتىپ، سەئيە قىلىپ يېتىپ كەلگەن ئەسلىدىكى جايىدىن سەئيى قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. ئەمما سەۋەبسىز سەئيەنى ئۈزۈپ قويۇش مەكروھ دەپ قارىلىدۇ.

5) ئەڭ ئاخىرقى سەئيى قىلىش مەرۋىدە يەتتىنچى قېتىم بولۇپ ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئاخىرلىشىش نۇرغۇنلىغان دۇئا تىلەكلەر بىلەن تاماملىنىدۇ. ھاجىلار مەرۋىدە چاچلىرىنى قىرقىپ ئېھرامدىن چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بەھرىمەن ھەجى قىلغان كىشىنىڭ دەسلەپكى ئۆمرە قىسمىنىڭ پائالىيەتلىرى تاماملانغان بولىدۇ، ئۇ ياتىقىغا قايتىپ ئۆز كىيىملىرىنى كىيىپ نورمال تۇرمۇش يولىدا ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە زۇلھەججىنىڭ (ھىجرىيە 12 ـ ئاينىڭ) 8 ـ كۈنىگىچە رەسمىي ھەج تەييارلىقىنى قىلىدۇ.

ھاجىلار زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن تاھارەت ئېلىپ ياكى غۇسلى قىلىپ ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ رەسمىي ھەجگە نىيەت قىلىپ مىناغا چىقىدۇ، ھاجىلار تەرۋىيە كۈنى مىنادا تۆۋەندىكىچە پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ:

بۇ كۈنى پېشىن ۋاقتىغا ئۇلگۈرۈپ مىناغا بېرىۋالسا بولىدۇ. بۇ كۈن ئىسلام شەرىئىتىدە تەرۋىيە كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ. ھاجىلار مىناغا بارغاندىن كېيىن شۇ كۈندىكى پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن، ئەتىسىدىكى بامدات نامازلىرىنى شۇ يەردە قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ. 9 ـ كۈنى ئەتىگەن بامدات نامىزىدىن كېيىن ئەرەفات تېغىغا ماڭىدۇ. بۇ كۈن ئىسلام شەرىئىتىدە ''ئەرەفات كۈنى'' دەپ ئاتىلىدۇ. ھاجىلار ئەرەفات كۈنى پېشىن ۋاقتىغا ئۇلگۈرۈپ ئەرەفات تېغىغا بارىدۇ ھەمدە ئەرەفات تېغىدا تۆۋەندىكى بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئورۇندايدۇ:

1) ھاجىلارنىڭ شۇ كۈنى ئەرەفات تېغىدا تۇرۇشى ھەجنىڭ ئاساسلىق رۇكنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھاجىلار پېشىن ۋاقتىدىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغىچە ئەرەفات مەيدانى دائىرىسى ئىچىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. كېچىكىپ قالغان كىشى ھېچ بولمىغاندا شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال ئەرەفات مەيدانىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە

كىرىۋېلىشى كېرەك.

2) ئەرەفات مەيدانىدا پېشىن ناماز بىلەن ئەسىر نامىزى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر ئەزان ئىككى ئىقامەت بىلەن پېشىننىڭ ۋاقتىغا سۈرۈپ، ئىككى رەكئەتتىن قەسرە قىلىپ ئوقۇلىدۇ. بۇ ئىسلام شەرىئىتىدە "جەمئى تەقدىم" دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئەرەفات كۈنىگە جۈمە كۈنى ئۇدۇل كېلىپ قالسا جۈمە نامىزى ئوقۇلماي پېشىن نامىزى ئوقۇلىدۇ، ھەجنىڭ خۇتبىسى سۆزلىنىدۇ.

3) ئەرەفات كۈنى پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھاجىلار تا كۈن ئولتۇرغىچە دۇئا قىلىدۇ، تىلەيدۇ، ئارزۇ- ئىستەكلىرىنى ئاللاھ تائالا ئالدىغا قويۇپ يالۋۇرىدۇ، چۈنكى بۇ كۈن ئۇلۇغ كۈن، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان كۈن، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرنى گۇۋاھچى قىلىپ، شۇ كۈندە ئەرەفات مەيدانىغا يىغىلغان ساپ ئىمانلىق، تەقۋادار مۇسۇلمان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەن خاسىيەتلىك كۈن.

ھاجىلار ئەرەفات تېغىدىكى پائالىيەتلەرنى ئاياغلاشتۇرۇپ، شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن شام نامىزىنى ئوقۇمايلا مۇزدەلىفىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. مۇزدەلىفە ئەرەفات بىلەن مىنا ئوتتۇرىسىدىكى تۈزلەڭلىك مەيدان بولۇپ، ھاجىلار شۇ مەيداندا بىر كېچە تۈنەيدۇ. ھاجىلار مۇزدەلىفىدە تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ:

1) ھاجىلار مۇزدەلىفىدە شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ئەزان ئىككى ئىقامەت بىلەن خۇپتەننىڭ ۋاقتىغا كېچىكتۈرۈپ قەسرى قىلىپ ئوقۇيدۇ. بۇ ئىسلام شەرىئىتىدە "جەمئى تەخىر" دەپ ئاتىلىدۇ.

2) ھاجىلار مىنادا شەيتانغا ئاتىدىغان 49 تال تاشنى مۇزدەلىفىدىن تېرىۋالىدۇ. ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى چوڭ شەيتانغا ئاتىدىغان يەتتە تال تاشنى مۇزدەلىفىدىن تېرىپ، قالغان 42 تال تاشنى مىنادىن تېرسىمۇ بولىدۇ. تېرىلگەن تاشلارنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى نوقۇت دانىچىسىدەك بولۇشى، خاسىڭ مېغىزىدىن چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. بولمىسا شەيتانغا ئاتتىم دەپ ئېتىلغان تاشلار باشقىلارنىڭ بېشىغا تېگىپ ئۇلارنى يارىلاندۇرۇپ قويىدۇ.

3) ھاجىلار شۇ كېچىسى مۇزدەلىفىدە كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ، مۇزدەلىفىدىكى بۇ كېچە بىر تەرەپتىن ھېيتنىڭ كېچىسى بولۇش، بىر تەرەپتىن ئەرەفات كۈنىنىڭ كېچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋاقىت خاسىيىتىگە ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇزدەلىفە «مەشئەرەل ھەرەم» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئورۇن خاسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ جايدا كۆپلەپ دۇئا قىلىش، ئاللاھنى زىكرى قىلىش، ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش ئىنتايىن زۆرۈر. شۇڭا ئۆلىمالار ۋاقىت، شارائىت يار بەرگەندە ئەتىسى بامدات ناماز ۋاقتىغىچە مۇزدەلىفىدە تۇرۇشنى ۋاجىپ دەپ قارايدۇ، ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئۆز ۋاقتىدا ئاجىزلارغا، كېسەللەرگە، ياشانغانلارغا، ئاياللارغا، يول يۈرۈشتە بەك ئاستا ماڭىدىغان كىشىلەرگە تۈن يېرىمىدىن كېيىن مىناغا يولغا چىقىشقا رۇخسەت قىلغان، بۇ توغرىسىدا ئىبنى ئابباس، ئائىشە، ئەسمائ قاتارلىق رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر بار. مۇشۇ نۇقتىدىن بىر قىسىم ئۆلىمالار ھازىرقىدەك ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ھاجى يىغىلىدىغان بۇنداق چوڭ پائالىيەتتە ئورۇن، ۋاقىت، قاتناش قىستاڭچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ تۈننىڭ يېرىمىدىن كېيىن مۇزدەلىفىدىن ئايرىلسا بولىدۇ دەپ پەتىۋا بەرگەن.

ھاجىلار مۇزدەلىفىدىكى بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، مىناغا بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ چېدىرلىرىغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن مىنادىكى پائالىيەتلىرىنى باشلايدۇ.

ھېيت كۈنلىرى مىنادا ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1) مىنادا شەيتانغا سىمۋول قىلىنغان چوڭ شەيتان، ئوتتۇرا شەيتان، كىچىك شەيتان دېگەن ئۈچ شەيتان بولۇپ، ھاجىلار مۇزدەلىفىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ شەيتانغا تاش ئاتىدۇ، بۇنىڭدا ھېيتنىڭ 1-كۈنى سۈبھى يورۇغاندىن باشلاپ پېشىن ۋاقتىغىچە چوڭ شەيتانغا تاش ئاتىدۇ، شەيتانغا تاش ئېتىش بىلەن تەلبىيە ئوقۇش توختىتىلىدۇ. 2-، 3- كۈنلىرى پېشىن ۋاقتىدىن كېيىن ناماز شامغىچە كىچىك شەيتان، ئوتتۇرا شەيتان ۋە چوڭ شەيتانلارنىڭ

ھەممىسگە مۇشۇ تەرتىپى بويىچە تاش ئاتىدۇ. شەيتانغا ھەر بىر قېتىم تاش ئاتقاندا ‹‹بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر›› دەيدۇ، شەيتانغا تاش ئاتقاندا قالايمىقان نەرسىلەرنى، چوڭ تاشلارنى ئاتماسلىق، باشقىلارنى قەستلەپ ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىك كېرەك. يۇقىرىقى بەلگىلەنگەن ۋاقىتلاردا شەيتانغا تاش ئېتىش سۈننەت بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقىدەك كۆپ ساندا ھەج قىلىدىغان ھاجىلارغا نىسبەتەن يېرىم كۈنلۈك قىسقا ۋاقىتتا بىرلا ئورۇنغا يىغىلىش ھەمدە شۇ ۋاقىت ئىچىدىلا تاش ئېتىش قولايسىز بولغانلىقى، شۇنىڭدەك ھاجىلارنىڭ ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم ئۆلىمالار پۈتۈن بىر كۈننىڭ ھەممە ۋاقتىدا شەيتانغا تاش ئېتىش جائىز دەپ پەتۋا بەرگەن.

ھېيتنىڭ 2 ـ، 3 ـ كۈنلىرى شەيتانغا تاش ئاتقاندا ئالدى بىلەن كىچىك شەيتانغا، ئاندىن ئوتتۇرا شەيتانغا، ئاخىرىدا چوڭ شەيتانغا ئۆز تەرتىپى بويىچە تاش ئېتىش كېرەك. ھەر بىر شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ توختاپ دۇئا قىلىدۇ، چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، توختىمايلا قايتىپ كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە دۇئا قىلىدۇ.

2) تاش ئېتىش پائالىيىتىنى ئۆزى بىۋاستە بېجىرەلمەيدىغان ئاجىز كىشىلەر باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن بەدەل تېشى ئېتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. بەدەل تېشىنى ئېتىشتا ۋەكىل قىلىنغان كىشى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تېشىنى ئېتىشى، ئاندىن باشقىلارنىڭ تېشىنى ئېتىشى كېرەك. تاشنى ئاتقاندا بىر قانچە تال تاشنى بىراقلا توپ ئېتىۋېتىشكە بولمايدۇ ھەمدە ئۆزى بىۋاستە تاش ئاتالايدىغان كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا ھاۋالە قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن تاش ئېتىشنى تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

3) ھاجىلار ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ قۇربانلىق قىلىدۇ، قۇربانلىق قىلىش بەھرىمەن ھەج ياكى قوشما ھەج قىلغان كىشىلەرگە ۋاجىپ دەپ قارىلىدۇ، شۇڭا قۇربانلىق قىلىشقا ئىقتىسادىي بولمىسا، ئۇ كىشى ھەجگە چىقىشتىن ئاۋۋال ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ ۋەتىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، يەتتە كۈن روزا تۇتۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

قۇربانلىق مالنى ھاجىلار ئۆزى بىۋاستە زەبىھە قىلسىمۇ بولىدۇ، پائالىيەت تەرتىپلىرىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قۇربانلىق قىلماقچى بولغان مالغا ئاجرىتىلغان پۇلنى ھەج مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھاجىلارغا ۋاكالىتەن قۇربانلىق قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىشەنچلىك بانكا ياكى شىركەتلەرگە تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنى ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدا قۇربانلىق قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان شىركەتلەر، بانكىلار پۇل تاپشۇرغۇچىلارغا قۇربانلىق تالونى چىقىرىپ بېرىدۇ، شۇڭا جۇڭگو ھەج ئۆمىكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇشۇ ئۇسۇلدا قۇربانلىق رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ كېلىۋاتىدۇ.

4) ھاجىلار شەيتانغا تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن چاچ قىسقارتىش ياكى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئېھرامدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ نورمال كىيىملىرىنى كىيىۋالسا بولىدۇ. بۇ ھاجىلارغا قىلىنغان كىچىك دائىرىدىكى چەكلەنگەن ئىشلارغا يول قويۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ ۋاقىتتا ئېھرام ئىچىدە چەكلەنگەن نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا يول قويۇلغان بولسىمۇ، ئەر ـ خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتكە يول قويۇلمايدۇ.

5) ھاجىلار مۇزدەلىفەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مىنادا ئىككى كېچە قونىدۇ، ئۈچ كۈن تۇرىدۇ، مىنادىكى ئاشۇ ئىككى كۈنلۈك قونۇش سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. ھاجىلار مىنادا تۇرغان كۈنلىرىدە نامازلارنى قەسرە قىلىپ ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئوقۇش، زىكرى ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

6) ھاجىلار مىنادا تۇرغان ئاشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە مەككىگە كىرىپ بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش تاۋاپىنى قىلىپ بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۈچىنچى كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن بۇ زىيارەت تاۋاپىنى قىلالمىسا، بىر ۋاجىپنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشىگە بىر قوي قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

7) ھاجىلار مىنادا تۇرغان ئۈچ كۈننىڭ ئۈچىنچى كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن مەككىگە قايتىپ كىرىپ بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇلار مىنادا چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ كېتىپ قالسا ئۇلارنىڭ مىنادا يەنە بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى ئۈچ شەيتانغا ئۆز تەرتىپى بويىچە يەتتە تالدىن تاشنى ئېتىۋېتىپ ئاندىن مەككىگە كىرىپ كېتىشى ۋاجىپ بولۇپ قالىدۇ(مۇشۇ ئېھتىماللىق سەۋەبىدىن بەزىلەر شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى 49 تال ئەمەس، بەلكى 70 تال قىلىپ تېرىۋالىدۇ).

ھاجىلار مىنادىكى بارلىق پائالىيەتلىرىنى تاماملاپ مەككىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بارلىق ھەج پائالىيەتلىرى تاماملىنىپ، پەقەت مەككىدىن ئايرىلىش ئالدىدا قىلىنىدىغان خوشلىشىش (ۋىدالىشىش) تاۋاپىلا قالىدۇ. شۇڭا ھاجىلار مەككىدە تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بەش ۋاقلىق نامىزىنى بەيتۇللاھتا ئوقۇشى، كەئبىنى كۆپلەپ تاۋاپ قىلىۋېلىشى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئاتاپ كۆپلەپ دۇئا قىلىشى، يۇرتىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ دۇئا قىلىشى ھەمدە ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىگە تەييارلىق قىلىشى كېرەك. ئەگەر ھەجدىن بۇرۇن مەدىنىدىكى زىيارەتلىرىنى قىلمىغان، ئەمما زىيارەت قىلىش نىيىتىدە بولغان بولسا، مەدىنىگە بېرىش تەييارلىقىنى قىلسا بولىدۇ. ھاجىلار مەيلى مەككىدىن ئۆز ۋەتىنىگە بىۋاستە قايتسۇن، مەيلى مەدىنە شەھىرىگە بېرىپ ئۇ يەردىكى زىيارەتلەرنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتماقچى بولسۇن ھەممىسىدىلا مەككە شەھىرىدىن ئايرىلىشتىن ئاۋۋال بەيتۇللاھقا بېرىپ خوشلىشىش (ۋىدالىشىش) تاۋاپى قىلىشى كېرەك، بۇ تاۋاپ مەككىدىن ئايرىلماقچى بولغان ھاجىلارغا نىسبەتەن ۋاجىپ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ھاجىلار مەككىدىن ئايرىلىش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇت، سېكۇنتلىرىدا، يولغا چىقىش ئالدىدىكى تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن بۇ تاۋاپنى قىلىشى، تاۋاپتىن كېيىن مۇمكىن بولسا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشى، زەمزەم سۈيى ئىچىشى، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈشى، كەئبىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۆز يېشى قىلىپ، قايغۇلۇق ھالدا دۇئا قىلىشى ھەمدە بەيتۇللاھتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئۇقاندەك كەينىچە ماڭغان ھالدا مەسچىتتىن ئاستا ـ ئاستا چىقىپ كېتىشى كېرەك.

ھاجىلار خوشلىشىش تاۋاپىنى قىلىپ بولۇپ، ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا يولغا چىقىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا ھەجنىڭ تولۇق مەزمۇنى ئىپادىلىنىپ، بەيتۇللاھنىڭ ھاجىلار قەلبىدە ئورۇن ئالغان ئەڭ ئاخىرقى ئاشۇ ئۇنتۇلماس مىنۇت ـ سېكۇنتلاردىكى كۆرۈنۈشلىرى ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەلبىدىكى ئاشۇ ئۇنتۇلماس ئۇلۇغ كۆرۈنۈشلەرنى ھەربىر قېتىم ئەسلىگەندە ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، ئاللاھقا تەلپۈنىدۇ، ئاللاھقا دائىم ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىنتىلىپ دۇئا قىلىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى سانىغا بېرىلىدىغان ئاساسلىق ماقالىلەر


| | |
|---|---|
| ▲ ھەدىس شەرىف دىيارىمىزدا | مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى |
| ▲ ئۆلۈم ھېكمىتىدىن ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگىچە (داۋامى) | نەزىرە مۇھەممەد سالىھ |
| ▲ ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىسلام ئەخلاقى (داۋامى) | ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى |
| ▲ ئەزان ۋە تەكبىر توغرىسىدا سوئال ـ جاۋابلار | ئابدۇۋاھاپ مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا |
| ▲ گۈزەل ئەخلاق ئىنسان زىننىتى | ياقۇپ ھەمدۇللا |
| ▲ ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى | |
| ▲ ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ بىلەن تەيىنلەش چارىسى | |
| ▲ مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى | |

# ئىككى ھېيت نامىزى ھەققىدە سوئال-جاۋابلار

ئابدۇۋاھاپ مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**1. ھېيتنىڭ سۆز مەنىسى نېمە؟**

ج: "ھېيت" (عيد) سۆزى ئەرەب تىلىدىكى "عاد يعود" پېئىلىنىڭ سۆز تومۇرى بولۇپ، لۇغەت مەنىسى "قايتىلانماق، تەكرارلانماق، قايتىدىن باشلانماق" دېگەنلىكتۇر. بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىمىزغا "ھېيت" سۆزى بىلەن ئۆزلەشكەن.

**2. ھېيتنىڭ ئىستىلا مەنىسى نېمە؟**

ج: ھەر يىلى مۇبارەك رامىزان روزىسى تاماملىنىپ شەۋۋال ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى، ھەج پائالىيەتلىرى ئاخىرلىشىپ، زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى كۈن بىر ياكى ئىككى نەيزە مىقدارى ئۆرلىگەندە، جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىش شەرتى ھازىرلانغان كىشىلەرنىڭ ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا بىر يەرگە يىغىلىپ ناماز ئوقۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

**3. نېمە ئۈچۈن بۇ كۈنلەرگە "ھېيت" دەپ ئىسىم قويۇلغان؟**

ج: بۇنىڭدىكى سەۋەب، ھەر يىلىنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىدە رامىزان تاماملىنىدۇ، چەكلىمىلەر ئاخىرلىشىدۇ، سەدىقە ـ پىتىر تارقىتىلىدۇ؛ ھەج ـ تاۋاپ ئاخىرلىشىدۇ، قۇربانلىق گۆشلىرى كەمبەغەللەرگە تارقىتىلىدۇ، دېمەك، بۇ كۈندە ئاللاھ تائالانىڭ تۈرلۈك نېمەتلىرى تەكرارلىنىدۇ، ياخشىلىق ۋە نېمەت قايتىلىنىدۇ.

**4. ھېيت نامىزى قاچان، قەيەردە يولغا قويۇلغان؟**

ج: ئىككى ھېيت نامىزى ھىجرىيىنىڭ 2 ـ يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە رەسمىي يولغا قويۇلغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار (يەنى مەدىنىلىكلەر) ئىككى كۈن بايرام قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن: **'بۇ قانداق بايرام؟'** دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: 'بۇ بىزنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرى تەبرىكلەيدىغان بايرام كۈنلىرىمىز' دېدى. رەسۇلۇللاھ: **'ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرگە بۇ ئىككى كۈننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل ئىككى ھېيتنى بايرام قىلىپ بەردى. ئۇ بولسىمۇ قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت كۈنىدۇر'** دېدى" (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

**5. ھېيت نامىزىنىڭ يولغا قويۇلىشىدىكى دەلىل نېمە؟**

ج: ھېيت نامىزى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف بىلەن يولغا قويۇلغان. ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بۈيۈك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

**پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن.**

—— سۈرە«كەۋسەر»(108 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت

مەشھۇر، مۆتىۋەر تەپسىرلەردە ئايەت كەرىمدىكى **"پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن"** غا "قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇش"، **"قۇربانلىق قىلغىن"** غا "زەبھە قىلىش" دەپ تەپسىر بېرىلگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامىزىنى

ئوقۇيتتى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن خۇتبە سۆزلەيتتى» (بۇخارى توپلىغان).

**6. ھېيت نامىزىنىڭ فىقھى ھۆكمى نېمە؟**

ج: ھېيت نامىزى جۈمە نامىزى پەرز بولغان كىشىلەرگە ۋاجىپ ئەمەل بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى نامازنى داۋاملىق ئوقۇغان ۋە مۇسۇلمانلارنى ھېيت نامىزىغا بېرىشقا ئەمر قىلغان. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ھېيت نامىزىغا چىقاتتى. ئاۋۋال ناماز ئوقۇپ، ئاندىن كىشىلەر تەرەپكە يۈزلىنىپ ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى**» (بۇخارى توپلىغان).

**7. ئىككى ھېيتنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى ھېكمەت نېمە؟**

ج: 1) ھېيت نامىزى جامائەت بىلەن ئوقۇلىدىغان ناماز بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىر ئىمامنىڭ ئارقىسىدا خۇددى پەرىشتىلەر ئۆز رەببى ئالدىدا سەپتە تۇرغاندەك مۇنتىزىم بولۇپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق روھىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

2) مۇسۇلمانلار نامازدىن كېيىن ئىمامنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ دىنى ۋە دۇنياۋى مەنپەئەتلىرىگە ئالاقىدار مۇھىم كۆرسەتمىلەرنى چۈشىنىش بىلەن بىرگە سەدىقە-پىتىر ۋە قۇربانلىققا ئائىت ئەھكاملاردىن خەۋەردار بولىدۇ.

3) مۇسۇلمانلار ھېيت نامىزى ئۈچۈن يىغىلىپ، بىر-بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، مۇبارەك ھېيتنى تەبرىكلىشىدۇ. بايلار ئاللاھ ئاتا قىلغان پۇل-ماللىرىدىن پېقىر-مىسكىنلەر ئۈچۈن خەير-ئېھسان قىلىپ، قېرىنداشلىق، دوستلۇق روھىنى نامايان قىلىپ، ھېيت خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ.

4) مۇسۇلمانلار بۇ كۈندە بىر ئورۇنغا يىغىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر ئايلىق مۇبارەك رامىزان روزىسىنى ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن تولۇق تامام قىلىۋالغانلىقىغا ھەمدە ئاللاھنىڭ تەۋپىقى بىلەن مۇقەددەس ھەج مەۋسۇمىنىڭ تاماملانغانلىقىغا ناماز ئوقۇش ئارقىلىق مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

5) مۇسۇلمانلار بۇ كۈندە ئۆزئارا ھېيتلىرىنى تەبرىكلىشىپ خۇشاللىققا چۆمىدۇ. ئاۋۋال ئاتا-ئانىلىرى، ئۇستازلىرىنى، ئاندىن قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىنى يوقلاش، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سەممىي غەمخورلۇقنى يەتكۈزىدۇ. ئاداۋەتلىشىپ قالغانلار بۇ مۇبارەك كۈننىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن سالاملىشىپ، يارىشىپ قالىدۇ.

**8. ھېيت نامىزىنىڭ ۋاجىپ بولۇشىنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟**

ج: 1) ئەر كىشى بولۇش (ئايالغا ۋاجىپ ئەمەس)؛ 2) ئاقىل بولۇش (ساراڭغا ۋاجىپ ئەمەس)؛ 3) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش (كىچىك بالىلارغا ۋاجىپ ئەمەس)؛ 4) تېنى ساغلام بولۇش (قارىغۇ، پالەچ ۋە كېسەل كىشىلەرگە ۋاجىپ ئەمەس)؛ 5) ئەركىن، ھۆر ئادەم بولۇش (قۇللارغا ۋاجىپ ئەمەس).

**9. ھېيت نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتى قايسىلار؟**

ج: 1) كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنت، شەھەر، بازار بولۇش.

2) نامازغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان دىنىي باشلامچى ياكى ئىمام بولۇش.

3) جامائەت بولۇش، يەنى ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ ئادەم بولۇش.

4) كۈن چىقىپ بىر ياكى ئىككى نەيزە مىقدارى بولغاندىن كېيىن ئوقۇلۇشى لازىم.

**10. ھېيت كۈنىدىكى سۈننەت ھېسابلىنىدىغان ئىشلار قايسىلار؟**

ج: 1) روزا ھېيت كۈنىدە ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن ئۈچ تال خورما ياكى تاتلىق يېمەكلىكلەردىن ناشتا قىلىش سۈننەت. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام روزا ھېيت كۈنىدە بىر نەچچە تال خورما يېمەي تۇرۇپ نامازغا چىقمايتتى**» (بۇخارى توپلىغان). قۇربان ھېيت كۈنىدە ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، قۇربانلىق مېلىنىڭ گۆشى بىلەن ناشتا قىلىش سۈننەت. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېدۇ: «**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ناشتا قىلماي تۇرۇپ روزا ھېيت نامىزىغا چىقمايتتى. قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇماي تۇرۇپ ناشتا قىلمايتتى**». (تىرمىزى توپلىغان)

2) جامائەتنىڭ، بولۇپمۇ ئىمامنىڭ نامازغا غۇسلى قىلىپ چىقىشى سۈننەت. ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە ئەرەفات كۈنلىرىدە غۇسلى قىلاتتى**“ (ئىبنى ماجە توپلىغان).

3) نامازغا ئەڭ چىرايلىق، پاكىز كىيىملىرىنى كىيىپ چىقىش سۈننەت. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىككى ھېيت ۋە جۈمە كۈنىدە يەمەندىن كەلتۈرۈلگەن تونىنى كىيەتتى**“ (بەيھەقى توپلىغان).

4) ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تازىلىنىپ، ئۆزىنى مايلاپ، پاكى ئۆيىدىكى خۇشپۇراقتىن ئىشلىتىش، بولۇپمۇ زىكرى ـ مۇناجات ئېيتىدىغان ئەزا ـــ ئېغىزنى تازىلاپ، مىسۋاك قىلىش سۈننەت. ئىبنى ساباق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەلۇم بىر جۈمە كۈنىدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ئى مۇسۇلمانلار جامائىتى! شۇبھىسىزكى، بۇ ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا بايرام قىلىپ بەرگەن كۈن. شۇڭا يۇيۇنۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە خۇشپۇراق ئىشلىتىپ، مىسۋاك قىلىپ چىقىڭلار**“ (ئىبنى مالىك توپلىغان).

5) ھېيت كۈنلىرىدە ئۇچراشقان بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ”ئايىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن“ دېگەنگە ئوخشاش مۇبارەكلەش ئىبارىلىرى بىلەن ياخشى تىلەك ۋە خۇشاللىقلىرىنى ئىزھار قىلىش سۈننەت. ھەبىب ئىبنى ئۆمەر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”دادام ماڭا ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دېگەنىدى: ’ھېيت كۈنىدە ۋاسىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچرىشىپ: تقبل الله منا و منك (تەقەببەلەللاھۇ مىننا ۋە مىنكە. مەنىسى: ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلسۇن) دېگەنىدىم، ئۇمۇ شۇنداق جاۋاب قايتۇردى“. («مەجمەئۇز زاۋائىد» 2 ـ جىلد، 206 ـ بەت)

6) ھېيت كۈنلىرىدە سەدىقە ـ ئېھسانىنى كۆپ قىلىش، سەدىقە ـ پىتىر ۋاجىپ بولغان كىشىلەرنىڭ ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن سەدىقە ـ پىتىرنى ئادا قىلىشى سۈننەت. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ”**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن سەدىقە-پىتىرنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇيتتى**“ (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

7) ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىنلىك بىلەن نامازغا بالدۇرراق، پىيادە بېرىش سۈننەت. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”**ھېيت نامىزىغا پىيادە چىقىشنىڭ سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر**“ (تىرمىزى توپلىغان).

8) ھېيت نامىزى ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە ياكى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەسچىتتە نەپلە ناماز ئوقۇماسلىق سۈننەت. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇربان ھېيت ياكى روزا ھېيت كۈنىدە ئىككى رەكئەت ھېيت نامىزىنى ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ ئالدى-كەينىدە نەپلە ناماز ئوقۇمايتتى**“ (مۇسلىم توپلىغان). ئەمما ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇش مۇستەھەپ. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ” رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نامازگاھتىن قايتىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى“ («مۇستەدرەك»تىن ئېلىندى).

9) مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىتىنى نامايان قىلىش ۋە قەدەمنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ساۋابنى زىيادە قىلىش ئۈچۈن مەسچىتكە بېرىش يولى بىلەن قايتىش يولى باشقا ـ باشقا بولۇشى سۈننەت. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”**رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھېيت كۈنىدە بېرىش يولى بىلەن قايتىش يولىنى باشقا-باشقا قىلاتتى**“ (بۇخارى توپلىغان).

10) مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربانلىقنى بالدۇرراق قىلىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن قۇربان ھېيت نامىزىنى بالدۇرراق ئوقۇش، سەدىقە ـ پىتىرنى ئادا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن روزا ھېيت نامىزىنى كېچىكىپرەك ئوقۇش مۇستەھەپ. ئەبۇ ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نەجراندىكى ئەمرى ئەمر ئىبنى ھەزمگە مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېگەن:

**"قۇربان ھېيت نامىزىغا ئالدىرىغىن، روزا ھېيت نامىزىنى كېچىكتۈرگىن، كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلغىن"** («مىشكاتۇل مەسابىھ»تىن).

**11. ھېيت نامىزى قانداق ۋاقىتتا ئوقۇلىدۇ؟**

ج: ھېيت نامىزىنىڭ ئاۋۋالقى ۋاقتى قۇياش كۆتۈرۈلۈپ ناماز ئوقۇش جايىز بولغاندىن باشلاپ، ئاخىرقى ۋاقتىلىرى قۇياش قايرىلغۇچىلىك بولىدۇ. ئەگەر كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇلسا شەرئەتتە چەكلەنگەن ۋاقىتتا ئوقۇلغان ناماز ھېسابلىنىدۇ.

**12. ھېيت نامىزىدا خۇتبە ئوقۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ قاچان ئوقۇلىدۇ؟**

ج: ھېيت نامىزىدا خۇتبە ئوقۇش سۈننەت بولۇپ، نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئوسمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئەجمەئىنلەر) خۇتبىدىن بۇرۇن ھېيت ناماز ئوقۇيتتى"** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس). روزا ھېيت خۇتبىسىدا سەدىقە-پىترگە ئالاقىدار مەسىلىلەر، قۇربان ھېيت خۇتبىسىدا قۇربانلىق قىلىش ۋە تەشرىق تەكبىرلىرىگە ئالاقىدار ھۆكۈملەرنىڭ سۆزلىنىشى مۇستەھەب.

**13. ھېيت خۇتبىسىنى ئاڭلاشنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: مەيلى جۇمە خۇتبىسى بولسۇن، ياكى ھېيت خۇتبىسى بولسۇن، ھەر قانداق خۇتبىنى بېرىلىپ ئاڭلاش ئوخشاشلا ۋاجىپ.

**14. ھېيت نامىزىدا قايسى سۈرىلەرنى ئوقۇش مۇستەھەپ؟**

ج: ھېيت نامىزىدا سۈرە «ئەئلا» ۋە سۈرە «غاشىيە»لەرنى ئوقۇش مۇستەھەپ. نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "رەسۇلۇللاھ ئىككى ھېيت نامىزىدا ۋە جۇمە نامىزىدا ﴿ سبح اسم ربك الأعلى﴾ (سەببىھى ھىسمە رەببىكەل ئەئلا) ۋە ﴿ هل اتاك حديث الغاشية ﴾(ھەل ئەتاكە ھەدىسۇل غاشىيە) سۈرىلىرىنى ئوقۇيتتى". (مۇسلىم توپلىغان).

**15. ھېيت نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىگەن كىشى قازاسىنى قىلامدۇ؟**

ج: ھېيت نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىگەن كىشى يالغۇز ھالەتتە قازاسىنى قىلمايدۇ، بەلكى ئۆيىگە قايتىپ تۆت رەكئەت زۇھا نامىزى ئوقۇيدۇ. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **"ھېيت نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىگەن كىشى (ئۆيىگە قايتقاندا) تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن"** (تەبەرانى توپلىغان).

**16. ھېيت نامىزىنى كېچىكتۈرۈش جايىزمۇ؟**

ج: ھېيت نامىزىنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاۋۋالقى كۈندە ئوقۇيالماي قالسا كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش جايىز. روزا ھېيت نامىزىنى ئىككىنچى كۈنى ئوقۇسا بولىدۇ. ئۆزۈرلۈك بولسىمۇ ئىككىنچى كۈندىن كېيىن ئوقۇلمايدۇ. ئەمما قۇربان ھېيت نامىزىنى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى كۈنلىرىگە تەخىر قىلىش جايىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇلمايدۇ.

**17. تەشرىق تەكبىرى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھۆكمىچۇ؟**

ج: تەشرىق تەكبىرى دېگىنىمىز، ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر قانداق پەرز نامازدىن كېيىن" الله اكبر الله اكبر لا إله إلا الله والله اكبر الله اكبر ولله الحمد " (ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەلىللاھىل ھەمدۇ. مەنىسى: ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، بارلىق مەدھىيىلەش ئاللاھقا خاستۇر) دېيىشتۇر.

تەشرىق تەكبىرى بارلىق بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەرگە، مەيلى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇسۇن ياكى يالغۇز ناماز ئوقۇسۇن، مۇقىم ياكى مۇساپىر بولسۇن، ئوخشاشلا ۋاجىپ. بۇ ھەقتە ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بۈيۈك قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ساناقلىق كۈنلەردە (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار (يەنى نامازلىرىڭلارنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىڭلار).**

——سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 203-ئايەت

**18. تەشرىق تەكبىرى قاچان باشلىنىپ، قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟**

ج: تەشرىق تەكبىرى زۇلھەججىنىڭ 9-كۈنى يەنى ئەرەفە كۈنى(ھارپا كۈنى) نىڭ بامدات نامىزىدىن كېيىن باشلىنىپ، تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئاخىرى (ھېيتنىڭ

4 ـ كۈنى) دىگەر نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، يەنى جەمئىي 23 نامازدا ئوقۇلىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەفات كۈنىنىڭ بامدات نامىزىدىن كېيىن ساھابىلارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ: **'ئورنۇڭلاردا ئولتۇرۇۋېرىڭلار' دەپ ئارقىدىنلا: 'ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەلىللاھىل ھەمدۇ' دىگەندى.** رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەرەفات كۈنىنىڭ بامدات نامىزىدىن تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئاخىرى دىگەر نامىزىغىچىلىك تەكبىر ئېيتاتتى'' (دارىقۇتنى توپلىغان).

**19. قۇربان ھېيت نامىزىغا ماڭغاندا يولدا تەكبىر ئېيتىلامدۇ؟ ھۆكمىچۇ؟**

ج: قۇربان ھېيت كۈنى نامازگاھقا ماڭغاندا يولدا ئاشكارا تەكبىر ئېيتىلىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قۇربان ھېيت كۈنىدە نامازگاھقا بارغۇچە ئاشكارا تەكبىر ئېيتاتتى. (دارىقۇتنى ۋە بەيھەقى توپلىغان). بۇنداق قىلىش ھەنەفى مەزھىپىدە مۇستەھەپ دەپ قارىلىدۇ.

**20. تەشرىق تەكبىرى ھەر پەرز نامازدىن كېيىن قانچە قېتىم ئوقۇلىدۇ؟**

ج: تەشرىق تەكبىرى پەرز نامازدىن سالام بەرگەندىن كېيىنلا بىر قېتىم ئوقۇلسا كۇپايە قىلىدۇ.

**21. تەشرىق تەكبىرى ئۈنلۈك ئوقۇلامدۇ ياكى مەخپىيمۇ؟**

ج: تەشرىق تەكبىرىنى ئىمام ۋە ئىقتىدا قىلغۇچىلار، يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. لېكىن ئايال كىشى ئوقۇماقچى بولسا ئۈنلۈك ئوقۇمايدۇ(مەخپىي ئوقۇيدۇ).

**22. ئىمام تەشرىق تەكبىرىنى ئۇنتۇپ قالسا ئىقتىدا قىلغۇچى تەكبىر ئېيتامدۇ؟**

ج: شۇنداق، ئىمام ئۇنتۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئىقتىدا قىلغۇچى تەكبىر ئېيتىدۇ.

**23. ئەگەر تەكبىرنى ئۇنتۇپ قېلىپ مەسچىتتىن چىقىپ كەتكەن بولسا ياكى سۆز قىلىۋەتكەن بولسا ۋە ياكى تاھارىتى سۇنۇپ كەتكەن بولسا قانداق قىلىدۇ؟**

ج: بۇ خىل ئەھۋاللاردا تەكبىر ساقىت بولىدۇ («دۇررۇل مۇختار»دىن ئېلىندى).

**24. ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۇسۇلى قانداق؟**

ج: ھېيت نامىزىنى ئوقۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق:

ئالدى بىلەن روزا ھېيت نامىزى بولسا روزا ھېيت نامىزى ئوقۇشنى، قۇربان ھېيت نامىزى بولسا قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ، بىر تەكبىر بىلەن نامازغا شۇرۇ قىلىپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ، سانا ئوقۇيدۇ، يەنى: سبحانك اللهم وبحمدك وتبارك اسمك وتعالى جدك ولا إله غيرك (سۇبھانەكەللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋەلا ئىلاھە غەيرۇكە) دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككى قولىنى ئۈچ قېتىم قۇلاق باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ، ھەر قېتىمدا ''ئاللاھۇ ئەكبەر'' دەپ قوشۇمچە تەكبىر ئوقۇيدۇ.① ئاندىن ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قىلىپ، كىندىك ئاستىغا قويۇپ، ئىمام قىرائەت قىلغان سۈرە ـ ئايەتلەرنى تىڭشايدۇ. ئىمام بىلەن رۇكۇ قىلىدۇ، سەجدىگە باش قويىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن كېيىن رۇكۇدىن ئىلگىرى ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى قولىنى يەنە ئۈچ قېتىم قۇلاق باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ ھەر قېتىمدا ''ئاللاھۇ ئەكبەر'' دەپ تەكبىر ئوقۇيدۇ، تۆتىنچى تەكبىر بىلەن رۇكۇ قىلىدۇ، سەجدىگە باش قويىدۇ. ئاندىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ ''ئەتتەھىيياتۇ'' نى ئوقۇيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىدۇ(يەنى ''ئاللاھۇممە سەللى ئەلا'' بىلەن ''ئاللاھۇممە بارىك ئەلا''نى ئوقۇيدۇ). ئۆزىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە بارلىق مۇئمىنلەرگە دۇئا قىلىپ ئاندىن سالام بېرىدۇ. نامازدىن كېيىن ئىمامنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېيت نامىزى ئاخىرلىشىدۇ.

(ئاپتورلار: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى تالىپلىرى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

① قوشۇمچە تەكبىرلەر بىرىنچى رەكئەتتە سانادىن كېيىنكى ئۈچ تەكبىر بىلەن ئىككىنچى رەكئەتتە رۇكۇدىن ئىلگىرىكى تۆت تەكبىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئارىسىدا ئىككى قولنى چۈشۈرۈپ تۇرۇش لازىم. لېكىن ئاۋۋالقى رەكئەتتىكى قوشۇمچە تەكبىرنىڭ ئۈچىنچى تەكبىرىدە قولنى چۈشۈرمەستىن (قول باغلاپ) تۇرىدۇ.

# قۇرئان كەرىمدە قوللىنىلغان بىر قىسىم چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

جارۇللا يۈسۈپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنىپ، پۈتكۈل كائىنات ئىلىملىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، ھېكمەتلەر كانى ۋە خەزىنىسى بولغان مۇقەددەس قۇرئان كەرىم ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن بايان، مۇھاكىمە، تەسۋىر ۋە چۈشەندۈرۈشنى ئۆزىگە تامامەن مۇجەسسەم قىلغان. بىز قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كالامىنىڭ ھەر بىر سۈرە - ئايەتلىرىگە تولىمۇ ماھىرلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. كالامىنىڭ شېرىنلىكتە ھەسەلنى، ئۆتكۈرلۈكتە ئالماسنى بېسىپ چۈشكۈدەك سۈرە - ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ياردىمىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراش، چۈشەنچە، پىكىرلەرگە ھەيران بولىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاسانلىق، ئوڭايلىقنى ئاتا قىلىپ، قىيىنلىق، مۇرەككەپلىكنى بېشىمىزدىن ئېلىۋېتكىنىگە شۈكرىلەر ئېيتىمىز، ئاللاھنىڭ ئۆز سۆزىنى بايان قىلىشتىكى ئاقىلانىلىك ۋە قابىللىقىغا ھەمدۇسانالار ئوقۇيمىز. مانا شۇ ئەقلىمىزنى لال قىلىپ، بىزنى ھەمدۇسانالار ئېيتىشقا ئۈندىگەن ئوبيېكتلارنىڭ بىرى دەل قۇرئان كەرىمدە ئىشلىتىلگەن چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن قوللىنىلغانلىقىدا ۋە ئوينىغان رولى ۋە ئەھمىيىتىنىڭ تولىمۇ مۇھىملىقىدا دېيىشكە بولىدۇ.

تۆۋەندە قۇرئان كەرىمدە قوللىنىلغان بىر قىسىم چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى.

قۇرئان كەرىمدە چۈشەندۈرۈش كەڭ قوللىنىلغان، بولۇپمۇ چوڭ ۋە ئوتتۇرا ھەجىملىك سۈرىلەردە چۈشەندۈرۈشنى كۆپرەك ئۇچرىتىش مۇمكىن. چۈشەندۈرۈشنىڭ قۇرئان كەرىمدە قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مەخسۇس توختالغان:

**ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە(يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە)، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن، ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.**

— سۈرە«قىيامەت»(75 - سۈرە)، **18** - ، **19** - ئايەتلەر

دېمەك بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ مۇبارەك سۆزى بولغان قۇرئان كەرىمنى بىز ئىنسانلارغا بايان قىلىپ بېرىشتە چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىنى، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بىزگە ئېنىق چۈشەنچە بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بىز قۇرئان كەرىمدىكى چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان سۈرە - ئايەتلەرنى ئوقۇغان، مۇلاھىزە قىلغان ۋاقتىمىزدا، چۈشەندۈرۈشنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا تاڭ قالىمىز.

چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغانلىقى ۋە ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا 78 - سۈرە«نەبە»نى مىسال ئوبيېكتى قىلىشقا بولىدۇ.

«نەبە»سۈرىسىدىكى ئاساسىي ئىدىيە قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ئىدىيىنى چۈشەندۈرگەندە بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت ھاياتلىق باسقۇچلىرىنى ئىخچام ھالەتتە شەرھلەش بىلەن چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن. سۈرىدە دەسلەپ ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن تۈرلۈك

نېمەت ۋە شەيئىلەرنى يارىتىپ ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ۋە پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەمىن ئەتكەنلىكىنى ئىزاھلىغان. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ياخشى ـ يامان ئىشلىرى، ساۋاب ـ گۇناھلىرى بويىچە مۇكاپات ۋە جازا بېرىدىغان قىيامەت كۈنىنىمۇ ئاپىرىدە قىلغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. ئاللاھ تائالا يامان ئىشلارنى قىلغان گۇناھكارلارنى دوزاخقا كىرگۈزۈپ جازالايدىغانلىقىنى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ئاللاھقا تەقۋا بولغۇچىلارنى بولسا ئېسىل نازۇ نېمەتلىك مەڭگۈلۈك گۈزەل ماكان جەننەتكە مۇيەسسەر قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

«نەبە»سۈرىسىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ”قىيامەت“ ئۇقۇمىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىنسانلارغا قىيامەتنىڭ نېمىلىكى، ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنىنى نېمىشقا يارىتىپ، نېمىنى ھەل قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ئاللاھ «نەبە»سۈرىسىدە چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئىدىيىلەرنى مۇنداق كۆرسىتىش مۇمكىن:

1) قىيامەت چوقۇم بولىدۇ.

2) ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن تۈرلۈك نېمەتلەرنى يارىتىپ، ئىنسانلارغا ئىنئام قىلدى.

3) ئاللاھقا ئاسىي بولغۇچىلار ئازابلىق جاي دوزاخقا كىرىدۇ.

4) ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئەستىن چىقارماي، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان تەقۋادارلار جەننەتكە كىرىدۇ.

5) قىيامەت كۈنى بارلىق ئىش ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بولىدۇ، ھېچبىر مەخلۇقاتنى ئاللاھ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدۇ، ھۆكۈم چىقىرىش پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولىدۇ.

«نەبە» سۈرىسىدىكى ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان ئىدىيە يۇقىرىقى بەش نۇقتا بولۇپ، مەخسۇس ئايەتلەر بىلەن كېڭەيتىپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئەگەر ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى بەش ئىدىيىنى نوقۇل نەزەرىيۋى بايان ياكى پەلسەپىۋى ئۇقۇملار بىلەن بايان قىلغان بولسا، بىز «نەبە»سۈرىسىنى ھازىرقىدەك ئېنىق، تولۇق مۇكەممەل چۈشىنىپ كېتەلمەيتتۇق، ھەتتا مۇمكىن بولمايتتى. سۈرىدە چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلىپ ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەچكە، بىز سۈرىنى تەپسىلىي، ئېنىق چۈشىنىپ كېتەلىدۇق.

1. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىنىمۇ كەڭ دائىرىدە قوللانغان. ھەممىمىزگە مەلۇم، چۈشەندۈرۈشنىڭ تەبىر بېرىش، مىسال كەلتۈرۈش، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلىرى بار. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئاشۇ خىل تۈرلەرنى ئۆز سۆزىگە سىڭدۈرۈپ، چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغان. تۆۋەندە بۇ تۆت خىل تۈرنى مىساللار ئارقىلىق كۆرۈپ ئۆتىمىز:

**1. تەبىر بېرىش:** مەلۇم ئۇقۇم ياكى ئاتالغۇغا ئېنىق ئىزاھات بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە تەبىر بېرىلگەن ئۇقۇم ۋە ئاتالمىلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئاللاھ تائالا كالامىدا ئۆز سۆزلىرىنى بايان قىلغاندا بەزى بىر قىسىم مۇرەككەپ، كۆپ تەكرارلىنىدىغان، ئىنسانلار چوقۇم ئېنىق بىلمىسە بولمايدىغان ئۇقۇم ۋە ئاتالمىلارغا تەپسىلىي، ئېنىق قىلىپ چۈشەنچە بەرگەن. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمدە مەزكۇر كىتاب، مۇئمىن، ئىنسان، قىيامەت دېگەندەك زۆرۈر ئۇقۇملارغا مەخسۇس ئايەتلەر بىلەن چۈشەنچە بېرىلگەن. تۆۋەندە ”مۇئمىن“سۆزىگە بېرىلگەن تەبىرنى مىسال تەرىقىسىدە كۆرۈپ باقايلى:

**(شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى(ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن، باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر(بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار(يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى(ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر.**

—— سۈرە«مۇئمىنۇن» (23 ـ سۈرە)، 2—9 ـ ئايەتلەر

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا ''مۆئمىن'' ئۇقۇمىغا تەبىر بېرىپ، بۇنىڭغا نىسبەتەن كىشىلەردە ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغان بولۇپ، مۆئمىنلىك دەرىجىسىگە ئېرىشىشتىكى ئاساسىي شەرتلەرنى ئىزاھلاپ، مۆئمىنلىك سۈپىتىگە ئېرىشىشتە ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان نۇقتىلار كۆرسىتىلگەن.

پۈتكۈل «مۆئمىنۇن» سۈرىسىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىن ئالغاندا، ئاللاھ سۈرىنىڭ باش قىسمىدىلا مۆئمىن ئاتالمىسىغا تەبىر بېرىپ ئۆتكەن. ئاندىن مۆئمىنلىكنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى شەرھلەپ، نۇھ، ھۇد، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاسىي قەۋمىنىڭ ھالاكىتى، ئۇلارغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن شاپائەتكە ئېرىشكەنلىكىنى قەيت قىلىپ، مۆئمىنلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىغان. سۈرىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا گۇناھكار، ئازغۇن، ئاسىيلارنىڭ ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقى تەپسىلىي زىكرى قىلىنغان. مۆئمىن ئاتالغۇسىغا بېرىلگەن تەبىر پۈتكۈل «مۆئمىنۇن» سۈرىسى ۋە ئىسلام دىنى پەلسەپىسىگە نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن بىلىش مۇمكىن:

1) مۆئمىن ئاتالغۇسىغا بېرىلگەن تەبىر ئارقىلىق بىز مۆئمىنلىك دەرىجىسىگە نائىل بولۇشنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى، مۆئمىن ئادەمنى ئاللاھ چوقۇم مۇكاپاتلاپ جەننەتكە مۇيەسسەر قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

2) بېرىلگەن تەبىر ئارقىلىق بىز مۆئمىنلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشىشتە ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى بىلىش بىلەن بىرگە مۆئمىنلىك دەرىجىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئالىي دەرىجە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز.

3) بۇ تەبىر مۆئمىن ئۇقۇمىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىزنى مۆئمىنلىك دەرىجىسىگە ئېرىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، مۆئمىن بولۇش قىزغىنلىقىمىزنى قوزغايدۇ.

**2. مىسال كەلتۈرۈش:** مەلۇم ئىدىيە ـ قاراشنى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن ئۇقۇم، ئوبيېكتلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاللاھ تائالا مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

**بۇ قۇرئاندا ئىنسانلارغا تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق.**

— سۈرە «كەھف» (18 ـ سۈرە)، 54 ـ ئايەت

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ مىسال كەلتۈرۈش بىلەن چۈشەندۈرۈشنى كۆپ ئېلىپ بېرىشى يەنىلا بىز ئىنسانلارنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئەتراپلىق، تولۇق، كونكرېت چۈشىنىشىمىزنى كۆزدە تۇتقان. تۆۋەندە ئەمەلىي مىسال بىلەن كۆرۈپ باقايلى:

**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى كىشىلەرگە) دۇنيا تىرىكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق مىسالنى كەلتۈرگىن: (ئۇ شۇنىڭغا) ئوخشايدۇكى، بىز ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردۇق، شۇ سۇ بىلەن زېمىننىڭ ئۆسۈملۈكلىرى بىر-بىرىگە چىرمىشىپ بولۇق ئۆستى، كېيىن ئۇ قۇرۇپ تۆكۈلدى، شاماللار ئۇنى (تەرەپ-تەرەپكە) ئۇچۇرتۇپ كەتتى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.**

— سۈرە «كەھف» (18 ـ سۈرە)، 45 ـ ئايەت

ئاللاھ بۇ ئايەتتە ئىنتايىن ئوبرازلىق قىلىپ، بۇ مىسالنى ئالغان بولۇپ، پانىي ئالەم تىرىكچىلىكى بۇ مىسال ئارقىلىق تولىمۇ جانلىق، ئىخچام چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ مىسالدا، دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ خۇددى باھاردا يامغۇر بىلەن ئۆسۈملۈكلەر كۆكىرىپ، كۆز كەلگەندە قۇرۇپ قاقشالغا ئايلانغىنىدەك قىسقا ۋە ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئىنساننىڭ دۇنيادا چەكلىك ھاياتى ۋە ۋاقىتلىق ئۆمرىنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلغان. شۇنداقلا يەنە مەنپەئەت قوغلاشماسلىقى، ئاچكۆز ۋە يامان نىيەت بولماسلىقىنى، ئىنسانىيەتكە، جەمئىيەتكە تۆھپە يارىتالايدىغان، مەنپەئەت بېرەلەيدىغان ساۋابلىق، ياخشى ئىشلارنى قىلىشنىڭ لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنداقلا يەنە بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ئىنسان ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىنىڭ ئاساسىي ئىكەنلىكى، كىشى دۇنيادا

قىلغان ئەمەلگە يارىشا ئاخىرەتتە ئەجىر ۋە مەرتىۋىگە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقى ئىزهار قىلىنغان، هەر بىر ئىنسان چەكلىك ۋە قىسقا بولىدىغان هاياتىنى ئەهمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، دۇنيادا هاياتنى هالاللىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئىككىلا دۇنيالىقنىڭ ياخشى بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىلغان.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ مىسالى سۈرە«كەهف»تە بولسۇن ياكى بىر پۈتۈن ئىسلام دىنى هاياتلىق پەلسەپىسىدە بولسۇن زور ئەهمىيەتكە ئىگە. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

1) بۇ ئايەت بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى ۋە ئومۇمىي هالىتىنىڭ يارقىن ۋە ئىخچام ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئاللاھ بۇ ئايەت ئارقىلىق بىزگە، بىز ياشاۋاتقان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پانىي ئالەم هالىتىنى ئىزاهلاپ، تىرىشىپ ئىشلەش، ياخشى ئىش قىلىشنى، هاياتنى مەنىلىك، ئەهمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلغان.

2) بۇ دۇنيادا ۋاقىتلىق ياشاش هوقۇقىغا ئېرىشكەن ئىنساننىڭ ئاخىرەتنى ئۇنتۇماسلىقنى، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى بەدىلىگە ئاخىرەتلىك مەرتىۋىسى ۋە ئورنىنى هازىرلايدىغانلىقنى، بۇ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر ئاساس ئىكەنلىكىنى ئىزاهلىغان.

3) بۇ دۇنيانىڭ ئىنسان ئومۇمىي هاياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تولىمۇ قىسقا بولۇپ، خۇددى چاقماق تېشى چاقىقاندەكلا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقنى، باقىي ئالەمنىڭ بولسا ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ياشايدىغان جاي ئىكەنلىكىنى ئىزاهلىغان.

3. ئوخشىتىش: مەلۇم ئىدىيە، ئۇقۇم ياكى قائىدىنى كىشىگە تونۇشلۇق مەلۇم شەيئى ياكى هادىسىگە تەققاسلاپ ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئوخشىتىش ئۇسۇلىنى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇ ئاساسەن چۈشىنىش تەس، مۇرەككەپ، ئابستراكت ئۇقۇملار چۈشەندۈرۈلگەندە كۆپ ئۇچرايدۇ. كالامدىكى ئىدىيە ـ قاراشلار بىزگە تونۇشلۇق بولغان هەر خىل هادىسە، شەيئى ۋە ئۇلارنىڭ هالىتى، خۇسۇسىيىتىگە ئوخشىتىلىش، تەتبىقلىنىش ئارقىلىق ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈلۈپ، بىزنىڭ شۇ قاراشلارنى بىلىشىمىز ۋە تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن:

**ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمىغان هالدا، گويا تارىلىپ كەتكەن چېكەتكىدەك قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ.** ـــ سۈرە«قەمەر»(54 ـ سۈرە)، 7 ـ ئايەت

بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى جانلىق سۈرەتلەنگەن. ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە قىيامەت كۈنى سۇر چېلىنىپ، ئىنسانلار مەهشەرگاهقا هېساب بېرىش ئۈچۈن قەبرىلىرىدىن تۇرغۇزۇلغاندا، ئاللاھقا ئاسىي بولغان گۇناهكارلارنىڭ يىرگىنىشلىك، بىچارە، ئۈمىدسىز هالەتلىرى خۇددى چېكەتكە ئاپتى يۈز بېرىپ چېكەتكىلەرنىڭ تۈيۈقسىز پەيدا بولۇپ پىتراپ كەتكىنىگە ئوخشىتىلغان.

بۇ ئايەت بىزگە قىيامەت كۈنىنىڭ بەرهەق، چوقۇم بولىدىغانلىقنى، ئۇ كۈندە بارلىق ئىنسانلارنىڭ مەهشەرگاهقا هازىر بولىدىغانلىقنى، گۇناهكارلارنىڭ قورقۇنچتىن تەمتىرىگەن هالدا قەبرىلىرىدىن چىقىپ، هېساب بېرىشكە هازىر بولىدىغانلىقنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ قۇرئان كەرىم، جۈملىدىن «قەمەر»سۈرىسىدىكى ئەهمىيىتى ۋە رولىنى مۇنداق چۈشىنىش مۇمكىن:

1) قىيامەت چوقۇم بولىدۇ، سۇر چېلىنغان هامان بارلىق ئىنسانلار بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىدىن هېساب بېرىش ئۈچۈن مەهشەرگاهقا توپلىنىدۇ.

2) گۇناھ قىلغان، ئاللاھقا ئاسىي بولغانلار بۇ كۈندە قورقۇنچ ۋە ئالاقزادىلىك ئىلكىدە ساراسىمىگە چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ مەهشەرگاهقا بېرىشتىن، جازاغا ئۇچراشتىن باشقا چىقىش يولى يوق.

3) بۇ دۇنيادا گۇناھ قىلغان، ئاللاھ بۇيرۇغان ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللانمىغان ئازغۇنلار قىيامەت كۈنى هەقىقەتەن ئاللاهنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، قىيامەت كۈندە كائىناتتىكى بارلىق شەيئىنىڭ باشقۇرۇلۇش هوقۇقى پەقەت ئاللاھقىلا مەركەزلىشىدۇ، هېچقانداق بىر مەخلۇقاتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش هوقۇقى ۋە ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

4 . سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى: بۇ بىر ـ بىرىگە يېقىن ياكى قارىمۇقارشى بولغان ئىككى شەيئىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق چۈشەنچە بېرىدىغان ئۇسۇلدۇر.

قۇرئان كەرىمدە تۈرلۈك شەيئى، ئىدىيە ۋە قاراشلار بايان قىلىنغاندا ئېنىق بولۇش، چۈشىنىشلىك بولۇش ئۈچۈن سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىمۇ كۆپ قوللىنىلغان، مەسىلەن:

**(ئاللاھ) يامانلىق قىلغانلارنى قىلمىشلىرىغا قاراپ جازالايدۇ، ياخشىلىق قىلغانلارغا چىرايلىق مۇكاپات بېرىدۇ.**

—— سۈرە «نەجم» (53 ـ سۈرە)، 31 ـ ئايەت

بۇ ئايەت بۆلىكىدە ئاللاھ تائالا يامان ئىش قىلغۇچىلار بىلەن ياخشى ئىش قىلغانلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يامان ئىش قىلغانلارنىڭ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە، جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ بۈيۈك ئەجىر ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئىزاھلىغان بولۇپ، بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئېقىمدىكى كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن چۈشەنچە بەرگەن. سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمىدە بىز بۇ ئايەتتىن ئاللاھ ئۆز كالامىدا ئېيتقىنىدەك:

**ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.**

—— سۈرە «نەجم» (53 ـ سۈرە)، 39 ـ ئايەت

دېگەندەك بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز ھەم ئىنسان ھاياتى ۋە تەقدىرى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز.

سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلىشى مەزكۇر ئايەتنىڭ ئېنىقلىق، روشەنلىك دەرىجىسىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەر ئەڭدا ئېنىق بولغان كونكرېت چۈشەنچە ھاسىل قىلغان.

سېلىشتۇرۇش قوللىنىلغان مەزكۇر ئايەتنىڭ سۈرە ۋە قۇرئان كەرىمدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتىنى مۇنداق چۈشىنىش مۇمكىن:

1) پانىي ئالەمدە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ بۈيۈك مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ، يامان ئىش قىلغۇچىلار ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ئازابقا قالىدۇ.

2) بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدىغان جاي، بۇ دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلسا، بۇنىڭ ساۋابىنى ئاخىرەتتە كۆرىدۇ، جەننەتكە كىرىشكە پايدىلىق شەرت ھازىرلىغان بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن بىز قۇرئان كەرىمدە چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ كەڭ قوللىنىلغانلىقىنى، مەزمۇن ۋە مەنىلەرنىڭ كونكرېت بولۇش، ئىنسان زېھنىگە يېقىن بولۇش، تەپسىلىي بولۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تېز، ئاسان چۈشىنىۋېلىشىغا ئاسانلىق يارىتىلغانلىقىنى، بۇنىڭمۇ ئاللاھنىڭ چەكسىز رەھمەتلىرى ئىچىدىكى بىر رەھمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز ھەمدە ئاللاھنىڭ مەلۇم دائىرىدىلا تەپەككۇر قىلالايدىغان بىز بەندىلىرىنى قىيىن ئىشقا مەجبۇرلىماي، ئۆز سۆزىنى ئىنسان ئېڭى، ئەقلىگە ماسلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ بىزگە ئاسانلىق ئىلتىپات قىلىپ بەرگەنلىكىگە ھەمدۇسانالار ئېيتماي تۇرالمايمىز.

(ئاپتور: گوچۇڭ ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئۇقتۇرۇش

تەھرىر بۆلۈمىمىز يېڭى خىزمەت بىناسىغا كۆچكەنلىكى ئۈچۈن بۇرۇنقى تېلېفون نومۇرلىرى ئۆزگەردى.

باش مۇھەررىر ئىشخانىسى: 59313018- 010    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئىشخانىسى: 59313021- 010

تەھرىر بۆلۈم ئىشخانىسى: 59313091    59313090- 010

# ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىسلام ئەخلاقى*

ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## 2. ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ پەزىلەتپەرۋەرلىك خۇسۇسىيىتى

ئىسلام دىنى ئىلىم - پەن، سىياسەت، ئۇرۇش، ئىقتىساد ... قاتارلىقلار بىلەن ئەخلاقنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ھېچقاچان ئۇلارنى ئەخلاقتىن ئايرىپ بايان قىلمىغان.

ئەخلاق — مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ جېنى. ئىسلام رىسالىتى ئەخلاقنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە بايان قىلغان. رەسۇلۇللاھنىڭ: **"مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم"** دېگەن مۇبارەك ھەدىسى ئاشۇ بايانلارنىڭ بىرىدۇر. ئىسلام رىسالىتى دىن بىلەن دۆلەتنى، ماددىيەت بىلەن مەنىۋىيەتنى قارىمۇقارشى قۇتۇپلار دەپ قارىمايدۇ. ئىنساننىڭ ۋە ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا غەرب ئەللىرىدە ئالقىشلانغان دىن بىلەن دۇنياۋى ئىشلار ئوتتۇرىسىدا ھاڭ بولۇشىنى، كاپىتالىزم چاقىرغان ئىقتىساد بىلەن ئەخلاقنى ئايرىۋېتىشنى قەتئىي قوبۇل كۆرمەيدۇ.

ئىسلام رىسالىتى بەزى ئىقتىساد سىستېمىلىرىدەك ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ھەرگىز دىن چاقىرغان ئەخلاق - پەزىلەتلەرنىڭ ۋە ئۇ تەقەززا قىلغان ئەقىدە - ئىماننىڭ ئۈستىگە قويمايدۇ. ئىقتىساد بىلەن ئەخلاقنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا گىرەلەشمە مەۋجۇتلۇقى ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال قىلىش، ئالماشتۇرۇش ۋە تارقىتىش قاتارلىق بارلىق ئىقتىسادى ھالقىلارنىڭ ھەر بىرىدە روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

مۇسۇلمان شەخس (ياكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى) مەزكۇر ساھەلەردە (ئىقتىساد توپلاش، ئاۋۇتۇش، تەسەررۇپ قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئىقتىسادى پائالىيەتلىرىدە) ئەقىدە ۋە ئەخلاق دائىرىسىدە تىزگىنلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي ئۇنۇم قوغلىشىپ، خالىغانلا ئۇسۇلنى قوللىنىش ئىختىيارى بولمايدۇ.

1) ئەينى ۋاقىتتا ئەرەب مۇشرىكلىرى ئارىسىدا ھەر يىلى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش ئادىتى بار بولۇپ، ئۇلار گۇناھ - مەئسىيەتلەر بىلەن بۇلغانغان كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ تاۋاپ مەزگىلىدە بەدەنلىرىگە تېگىپ تۇرماسلىقى ئۈچۈن، بەيتۇللاھنى قىپيالىڭاچ ھالدا تاۋاپ قىلىشتەك قەبىھ ئادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. رەسۇلۇللاھ بەيتۇللاھنى بۇددىزمنىڭ ئاسارەتلىرىدىن تازىلاش مەقسىتىدە، ھەزرىتى ئەلىنى ھىجرىيىنىڭ 9 - يىلىدىكى ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئەبۇ بەكرىنىڭ ھەج كۈنىدە كىشىلەرگە: "كېلەر يىلدىن باشلاپ مۇشرىكلار بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماسلىقى ۋە (ھەرقانداق كىشى) بەيتۇللاھنى يالىڭاچ تاۋاپ قىلماسلىقى كېرەك" دەپ جاكارلىشىنى بۇيرۇدى. ئېنىقكى، ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ھەج

* باش قىسمى ئۆتكەنكى ساندا

تاۋاپچىلارنى چەكلەش ھەج ئىشلىرىغا ئىگە بولۇپ ئۇنى باشقۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلارغا زور ئىقتىسادىي زىيان ئېلىپ كېلەتتى. بىراق ئۇلار ئۆز ئەقىدىلىرى يولىدا بۇ زور زىيانغا بەرداشلىق بەردى.

**ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلار (ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرەمغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن). ئەگەر سىلەر (ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئىي قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، ئاللاھ خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.**

— سۈرە «تەۋبە» (9 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت

بۇ مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ساياھەت كەسپىنى جانلاندۇرۇش ۋە كۆپلەپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىش مەقسىتىدە، ھاراق قاتارلىق ھاراملارنى يولغا قويۇش، شەھۋانىي بەزمىخانا ـ ئىشرەتخانىلارنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش قەتئىي ھالال بولمايدۇ. ئەگەر مۇشۇنىڭدەك ھارام ئىشلارنى قىلمىغانلىق تۈپەيلى نامراتلىقتىن قورقسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۆز پەزلىدىن باي ۋە بىھاجەت قىلىدۇ.

2) جاھىلىيەتتە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى قۇلدارلار ئارىسىدا قول ئىلكىدىكى دېدەكلىرىدىن ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق پايدىلىنىپ پۇل ـ مال توپلاش ئەۋج ئالغان بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇللار ئىچىدە دېدەكلەرنى ئوچۇق ـ ئاشكارا زىنا ـ پاھىشە بىلەن شۇغۇللىنىشقا سېلىشمۇ بار ئىدى. ئىسلام دىنى رەسمىي تارقىلىشقا باشلىغاندا، ئۇ خىلدىكى دېدەكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە ـ ئىمانى تۈرتكىسىدە، خوجايىنلىرىنىڭ ئىتائىتىدىن باش تارتقان. خوجايىنلىرى ئۇلارنى يەنە زورلىماقچى بولغاندا، بۇنى چەكلەپ تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولغان:

**ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنە مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلىماڭلار ...**

— سۈرە نۇر (24 ـ سۈرە)، 33 ـ ئايەت

3) كىشىلەر ئىلىم ـ سېتىم بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانغاندا، ئەلۋەتتە تېخىمۇ كۆپرەك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى جۈمە كۈنىدە، جۈمە نامىزىغا چاقىرىلغان ئەزاننى ئاڭلىغان ھامان سودا ـ سېتىقنى دەرھال توختىتىپ ئاللاھنى زىكرى قىلىش ۋە ھەپتىلىك پەرز ئىبادەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەسچىتكە يۈزلىنىشكە بۇيرۇدى:

**ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم-سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر.**

— سۈرە «جۇمۇئە» (62 ـ سۈرە) 9 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا سودا ـ سېتىقنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئارتۇق بىلىپ، پەرز ئىبادەتلەردىن مەھرۇم قېلىشنى ئەيىبلىدى:

**ئى مۇھەممەد! ئۇلار بىرەر تىجارەتنى ياكى تاماشىنى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرىدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، “ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاب ۋە نېمەت) تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر، ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر”.**

— سۈرە «جۇمۇئە» (62 ـ سۈرە)، 11 ـ ئايەت

4) ھاراق ۋە باشقا مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى كەڭرى يولغا قويغاندا، بىر قىسىم كىشىلەر ھاراق زاۋۇتى ۋە ھاراق تىجارىتىنى كېڭەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش بىلەن ئالاھىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. لېكىن، ھاراق تۈپەيلى شەخسنىڭ، ئائىلىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىدا كېلىپ چىقىدىغان ماددىي ـ مەنىۋى زىيانلارنى، ئەقىدە ـ ئەخلاق كرىزىسلىرىنى، باشقا ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىگە ئېلىپ كېلىدىغان مۆلچەرلىگۈسىز زىيانلارنى ھاراق سانائىتى ئارقىلىق ئېرىشىلىدىغان ئازغىنە ماددىي مەنپەئەتكە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ھاراق ۋە ھاراق سانائىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان غايەت زور ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى زىيانلارنىڭ بەلكى خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھاراق سانائىتى ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان ئىقتىسادىي

ئۆزىمىدىن ۋاز كەچكەن. ئىسلام دىنى ھاراقنى ھارام قىلىش بىلەنلا چەكلەنمىدى، بەلكى ئۇنى ئىچىشكە ياردەمدە بولغان ھەرقانداق ئىشنى ھارام قىلدى. جۈملىدىن، ھاراقنى تەييارلىغۇچى، توشۇغۇچى، ساتقۇچى، ئىچكۈچى، پايدىسىنى كۆرگۈچى، شۇنداقلا يۇقىرىقىلارغا ياردەمدە بولغۇچىلارغا رەسۇلۇللاھ لەنەت ئوقۇغان.

5) قىمارمۇ ھاراققا ئوخشاشتۇر. قارىماققا ئۇنىڭدىمۇ، كۆڭۈل ئېچىش، بوش ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش، كۈتۈلمىگەن ئامەتتىن ھوزۇرلىنىش، جاپاسىز بايلىققا ئېرىشىپ قېلىش ... تەك بىر قىسىم مەنپەئەتلەر بار. بىراق قۇرئان كەرىم بۇ خىل شەخسىي مەنپەئەتلەرنى، قىمارۋازنىڭ ئەقىدە ـ ئەخلاقىدىن يالڭاچلىنىپ، ئەمگەكسىز پۇل ـ مالغا ئىگە بولۇشقا ئادەتلىنىپ قېلىش، باشقىلارنىڭ ھەققىنى ناھەق يېيىش، كۈتۈلمىگەن تەلەي ـ ئامەتنى چۈشەپ، خام ـ خىيال ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈش، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى رۇكنىلىرىدىن بولغان نامازدىن، ئاللاھنىڭ زىكرىدىن باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشىدەك ھېسابسىز زىيانلارغا سېلىشتۇرۇپ قىمارنى قەتئىي ھارام قىلغان. ھەرقانداق مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ قىمارۋازنىڭ ئالدىدا قەدىرسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى، قىمارغا خۇمار بولغاندا بالا ـ چاقىلىرىنىڭ كۈندىلىك لوقمىسىنى دوغا تىكىۋېتىپ ئۇلارنى ئاچ قويۇشى، ھەتتا دىنىغا، ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلىشى، ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن خەلققە ساتقۇنلۇق قىلىشى ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئېھتىماللىقلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. تېخىمۇ خەتەرلىك بولغىنى، يۇقىرىقىلار قىمارۋازدىكى ماددىي موھتاجلىقنى ئەمەس، بەلكى پىسخىك جەھەتتىكى ئاينىش ۋە روھىي مالىمانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا قىمار ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: " بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنە ماددىي) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ " دېگىن ...**

—— سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە) 219 ـ ئايەت

**ئى مۇئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟**

—— سۈرە مائىدە (5 ـ سۈرە)، 90 ـ ، 91 ـ ئايەت

6) چوشقىلارنى بورداپ غەيرى مۇسۇلمانلارغا ساتقاندا يەنە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى، پايدا كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق ئاللاھ تائالا چوشقىنىڭ گۆشىنى ھارام قىلدى، ئۇنى نىجىس دەپ بايان قىلدى. شۇ ۋەجىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ چوشقا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام بىر نەرسىنى ھارام قىلغان ئىكەن، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىمۇ ھارام قىلغان. بۇتلار ۋە ئۇلارنىڭ سىزما رەسىملىرىمۇ يۇقىرىقى ھۆكۈمدىدۇر.

بىر قىسىم غەيرى مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلىرى ئىسلام ئىقتىسادىدىكى ئەخلاق بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى ھېس قىلغان. فرانسىيىلىك ئىقتىسادشۇناس جاك ئوستىرىي (J. Austry) ئۆزىنىڭ «ئىسلام ۋە ئىقتىسادى تەرەققىيات» ناملىق كىتابىدا: "ئىسلامدا رېئال تۇرمۇش بىلەن ئىقتىسادىي پەزىلەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ھەرگىز بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. قۇرئان تەلىماتلىرىنى مەنبە قىلغان ئىقتىساد نەزەرىيىسى شەكسىز ھالدا پەزىلەتلىك ئىقتىساد نەزەرىيىسىدۇر. بۇ خىل ئەخلاق قىممەت ئۇقۇمىغا يېڭى مەنە بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ساناائەتنىڭ ماشىنىلىشىشى نەتىجىسىدە ئۆزلۈكسىز زورىيىۋاتقان پىكرىي بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا تامامەن قادىردۇر" دېگەن. بىرىكسىمۇ غەربتىكى جىنسىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ كۆڭۈلسىز نەتىجىلىرىنى ئەيىبلەپ، بۈگۈنكى دۇنيا ئىقتىسادىدا ھاۋايى ـ نەپسىنىڭ ھەققىي قىممەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن بىئارام بولغان.

بىز ئەمەلىي تۇرمۇشنى كۆزەتكىنىمىزدە، ئىسلام تارىخىدا، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ بىردىنبىر دېۋىگاتىلىغا، بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلانغان دەۋرلەردە ئىقتىساد بىلەن ئەخلاق ئارىسىدىكى بۇ خىل گىرەلىشىشنىڭ چوڭقۇر ۋە گەۋدىلىك بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

زاكاتنىڭ پەرز قىلىنغانلىقى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە يېشىم ئىزدەپ چارچىغان مېڭىمىزگە مەمنۇنىيەت ئېلىپ كېلىدۇ. 21 ـ ئەسىردىكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە، يەر شارىمىزدىكى خېلىلا كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئاشلىق يېتىشمەسلىك ئازابىنى تارتىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاشلىق يېتىشمەسلىكتىنمۇ ياكى مېھرىبانلىقنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدىنمۇ ؟! دەپ ئويلانغىنىمىزدا، سەممىيلىك، ۋاپادارلىق ... دېگەندەك ئىدىيال پىكىرلەرنىڭ قانداقسىگە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەڭگۈلۈك تېما بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق نامراتلىقنى تۈگىتىش لايىھىسى چوقۇم ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلار بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماسلىقى، ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى ئۆز كۆنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. كونكرېتراق ئېيتقاندا، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئادىل تەقسىمات ۋە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، قېرىنداشلىق مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىنىشى تولىمۇ مۇھىم. ئىسلام دىنىدىكى ئىجتىمائىي ئادالەت ۋاستىسى بولغان زاكات ــ قەلبتىن قەلبكە ئاققان مال ـ مۈلۈك دەرياسىدۇر. زاكاتتىكى ھېكمەت بايلارغا زەربە بېرىش ئەمەس، نامراتلىققا خاتىمە بېرىشتۇر.

## 3. ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك خۇسۇسىيىتى

قارىماققا رەببانىيلىق بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك بىر ـ بىرىگە قارشىدەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق بولۇپلا قالماستىن، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىنساننى ھۆرمەتلىك قىلغان ۋە ئۇنى زېمىندا ئىزباسار قىلغان رەببانىيلىقنى مەنبە قىلغاندۇر. رەببانىيلىق(خۇداغا تېۋىنىش تۇيغۇسى) ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەسلىيەدۇر. ھەر بىر ئىنسان ئاشۇ پىترەت بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ. ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتىن ئىبارەت رەببانىي دەلىللەرنى مەنبە قىلغان بولسا، ئىنسان دەل ئاشۇ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ بىلەن خىتاب قىلىنغۇچىدۇر. شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىكى بايانلارنى چۈشىنىش، تەپسىرلەش ۋە ئۇ دەلىللەردىن شەرئىي ئەھكاملارنى ئىستىنبات قىلىش، باشقا مەسىلىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئىزدىنىش، ئاخىرىدا ئاشۇ ئەھكاملارنى رېئال تۇرمۇشقا تەتبىقلاش، قىسقىسى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش جەريانى ئىنساننىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ نىشانى ــ ئىنساننىڭ بالىلىقتىن قېرىلىققىچە بولغان بارلىق ئۆمۈر باسقۇچلىرىدا، ساغلام ياكى ئاغرىغان پەيتلىرىدە، خۇشال ياكى غەمناك چاغلىرىدا شەخس ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ھەقىقىي مەنىدىكى پاراۋان تۇرمۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنداقلا ئىنساننىڭ يوللۇق ۋە مۇقەررەر ئېھتىياج ـ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنى رەببانىي ۋە ئىنسانىي ياشاش، پەرۋەردىگارى، ئۆزى، ئائىلىسى، قەۋمى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتۇر.

ئىنسان ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئىقتىسادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنساننى زېمىنغا ئىزباسار قىلدى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا زېمىننى گۈللەندۈرۈش بۇرچىنى يۈكلىدى. ئىنسانغا يەر يۈزىدىكى بۇرچىنى ئورۇنلاش ئىمكانىنى بېرىدىغان تۈرلۈك ـ تۈمەن ۋاسىتىلەرنى ئاتا قىلدى. ئۇنداق ئىكەن، ئىنسان ھەر دائىم (ئەقلىي ۋە جىسمانىي) ئەمگەككە تايىنىپ تىرىشىشى، كۈرەش قىلىشى كېرەك، ماددىيەت ساھەسىدىكى ئىجادىيەت ـ ئىختىرالىرى بىلەن ھاياتىنى قولايلاشتۇرۇشى كېرەك؛ مۇھىمى، ئۆزىنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي رىيازەتلىرىدە ياخشى ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئەمەللىرىگە ھېسابسىز ئەجىر ئاتا قىلىدىغان ئاللاھ تائالادىن نۇسرەت تىلىشى زۆرۈردۇر.

ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك خۇسۇسىيىتى، ئىسلامنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان

كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ئەمىر قىلىنىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى باشقا مەدەنىيەتلەردىن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان ھۆرلۈك، كىشىلىك قەدىر - قىممەت، ئادالەت، قېرىنداشلىق، رەھىمدىللىك، بولۇپمۇ يېتىم - يېسىرلار، غېرىپ - غۇرۋالار، مۇساپىرلار، شۇنداقلا كۈندىلىك رىزقى ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان ئاجىزلارغا يار - يۆلەك بولۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇنتىزىم ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى مۇقىم ئۆلچەم قىلغانلىقىدا ئەڭ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئىسلام تەلىماتلىرىدا يۇقىرىقىدەك ئىنسانىي پەزىلەتلەر، چىن خىسلەتلەر تەشەببۇس قىلىنغاچقا، ئىسلام شەرىئىتى خۇسۇسىي مۈلۈكنى ھالاللىقنى مەنبە قىلغان بولۇش شەرتى ئاستىدا مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇڭا ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆز مال - مۈلكىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا بىنائەن قەتئىي ھىمايە قىلىنىدۇ.

## ئىنسانىيەتكە پاراۋان تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانى

ئىسلام ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى تەلىماتلىرىدا، ئىنسانلارنى تىرىكچىلىك ئۈچۈن تىرىشىشقا ۋە ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ. شۇنداقلا تىرىكچىلىك ئۈچۈن تىرىشىش ۋە ئىزدىنىشنى بىر تۈرلۈك ئىبادەت ۋە كۆرەش دەپ ھېسابلايدۇ. ئېنىقكى، تىرىكچىلىكتىن مەقسەت، ھەر بىر ئىنسان ئۆزىگە ۋە ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىگە دائىم تىلەيدىغان بەختنى ھېس قىلالايدىغان دەرىجىدىكى گۈزەل، پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ باياشات، پاراۋان ۋە گۈزەل تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاللاھ تائالا گۈزەل ھاياتنى توغرا يولدا مۇستەھكەم بولغان مۇئمىن بەندىلىرىنى تارتۇقلايدىغان مۇكاپات قىلدى. ھەقىقى مەنىدىكى گۈزەل ھايات ماددىيەت ۋە مەنىۋىيەتتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم ئامىل ئاساسىدا روياپقا چىقىدۇ.

ماددىي ئامىل دېگىنىمىزدە، ئاللاھ ئاتا قىلغان پاك - گۈزەل نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئى ئىنسانلار ! يەر يۈزىدىكى ھالال- پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر.**

—— سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 168 ـ ئايەت

ئىسلام دىنى ئاللاھ بېكىتكەن ھالال - ھارام چېگرىسىگە رىئايە قىلغان ئاساستا، يەر يۈزىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن رىزىقلار ۋە ياخشىلىقلاردىن بەھرىلىنىشنى يوللۇق قىلدى. ئاللاھ تائالا بارلىق پايدىلىق نەرسىلەرنى ھالال قىلدى. بارلىق ناپاك ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى ھارام قىلدى.

**بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى ...**

—— سۈرە «مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 5 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا ئۆز ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىسلام رىسالىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ ...**

—— سۈرە ئەئراف (7 ـ سۈرە)، 157 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قىسىم ساھابىلىرى راھىبلىق كۆزقاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گۆش يېيىشنى، بەزىلىرى يۇمشاق تۆشەكتە ئۇخلاپ ئارام ئېلىشنى، يەنە بەزىلىرى ئاياللار بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ نىكاھلىق بولۇشنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋالغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىملىرى ئۆزلىرىنى ئاختا قىلىۋېلىپ، راھىبچە كىيىنىپ تەركىدۇنيا بولۇۋالماقچى بولۇشقان. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزى نازىل بولغان:

**ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى(تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزۈڭلارغا) ھارام قىلماڭلار. (ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.**

—— سۈرە «مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 87 ـ ئايەت

## ئىسلام تەشەببۇس قىلغان زاھىتلىق

ئىسلام تەشەببۇس قىلغان زاھىتلىق ھەرگىزمۇ پاك - ھالال نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋېلىش، ھاياتتىن يۈز ئۆرۈش، تىرىكچىلىك ئۈچۈن ھەرىكەت

قىلماسلىقتا، ئۆزىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى گۈللەندۈرۈشكە قىلچىمۇ ھەسسىسىنى قوشماسلىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ، بەلكى ھاياتتا شەھۋەتكە بېرىلمەسلىك، مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىق، ئۆتكۈنچى ھېسسىياتتىن غالىب كېلىش، ھەر ئىشتا مۇۋازىنەتنى ساقلاشنى كۆرستىدۇ.

دېمەك، ئىسلامدىكى زاھىتلىق بەزىلەر ئويلىغاندەك جىسمانىي لەززەتنى تەرك قىلىشتىن چوڭراق قەلب ئىرادىسىگە تەئەللۇق ئىشتۇر. قۇرئان كەرىمدە ئەيىبلەنگەنلەر ھاياتلىقتىكى پاك لەززەتلەردىن بەھرىلەنگەنلەر بولماستىن، ئەس ـ يادى، تەپەككۇرى، ياشاشتىكى مەقسىتى، ئىش ـ پائالىيىتى پۈتۈنلەي شەھۋەتنى مەركەز قىلغان، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمايدىغان، كۆزى كىچىك، دىتى يوق كىشىلەردۇر.

**بىزنىڭ زىكرىمىز (يەنى ئىمان بىلەن قۇرئان) دىن باش تارتقان، پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىنىلا كۆزلىگەنلەردىن يۈز ئۆرۈگىن.**

— سۈرە «نەجم» (53 ـ سۈرە)، 29 ـ ئايەت

يۇقىرىقى ئايەت مەزمۇنىدىن ئايانكى، دۇنيا لەززەتلىرىگە ئېرىشكەن كىشىلەر ئەمەس، بەلكى شۇنىلا مەقسەت قىلىپ، ھاياتلىقتىكى ئىنسانىي بۇرچىنى ئۇنتۇتقانلار ئەيىبلەنگەن. بەزى كىشىلەر مال ـ دۇنياغا شۇنچە ئاشىق ـ بىقارار تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ ھۆزۈرىدىن مەھرۇم ھالدا ھايات كەچۈرۈشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەر قول ئىلكىدىكى مال ـ دۇنيانى قول قىلىپ، ئۇنىڭغا يۈرىكىدىن ئەمەس، قولىدىن ئورۇن بېرىپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت ئەمەس ۋاستە ئورنىدا پايدىلىنىشى مۇمكىن.

زاھىتلىق ئىسلامدا رەسۇلۇللاھتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىسلامغا ئۇيغۇن شەكىلدە داۋاملاشقان. ئەمما كېيىنكى چاغلاردا، بەزى ئازغۇن ئىدىيىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا سىڭىپ كىرىشى بىلەن ھاياتنى سۆكىدىغان، راھىبلىق مەنىسىدىكى زاھىتلىققا چاقىرىدىغان، نامراتلىقنى ئۇلۇغلايدىغان، بايلىقنى، بايلارنى يامان كۆرىدىغان ھەتتا بۇنىڭغا ئايەت ـ ھەدىسلەردىن ناتوغرا ئۇسلۇبتا دەلىل ئەكېلىدىغانلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ دەلىللىرى پۈتۈنلەي ئاساسسىزدۇر. چۈنكى بۇ دەلىللەرنى ئۆز ئورنىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكتۇر. شۇڭا ئۇلار تايانغان ئاتالمىش دەلىللەرگە شەرئى ھۆكۈم سالاھىيىتى بېرىلمەيدۇ.

ئۇلار دەلىل ئالغان ھەدىسلەردىن بىرى:

**"دۇنيا ــ مۇئمىننىڭ تۈرمىسى، كۇپپارنىڭ جەننىتى"** مۇسلىم توپلىغان).

مەزكۇر ھەدىستىن ھەرگىزمۇ مۇئمىننى ھاياتلىقتىكى لەززەتلەردىن مەھرۇم قىلىش مەنىسى چىقمايدۇ، بەلكى ئۇنداق مەنە چىقىرىش مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا پاراۋان ـ گۈزەل ھاياتنى ھالال قىلغان، بەلكى مۇئمىننىڭ ئىمانى ۋە سالىھ ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى قىلغان.

**ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.**

— سۈرە «نەھل» (16 ـ سۈرە)، 97 ـ ئايەت

ھەدىستىن مەقسەت، مۇئمىن كىشى دۇنيادا شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن سىنىلىدۇ، ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىدە ھالال ـ ھارام كۆز قارىشىغا باغلانغان بولىدۇ. مۇئمىن كىشى كۆڭلى تارتقاننى ئەمەس بەلكى قىلىشى كېرەك بولغىنىنى قىلىدۇ. خالىغانلا ئىشنىڭ كەينىدىن ئەمەس، ئىنسانىي لاياقەتكە مۇناسىپ ئىشنىڭ كەينىدىن چاپىدۇ. مۇئمىن كىشى ئاللاھتىن تەپتارتىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ قۇربى يېتىدىغان ۋە ئارزۇ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلاردىن ۋاز كېچىدۇ. مانا بۇ دۇنيادىكى مۇئمىننىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان تۈرمىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى. مۇئمىن كىشى دۇنيادا (بولۇپمۇ پىتنە يامرىغان كۈنلەردە) ئۆز ئىمانى ۋە ئىمانىغا ئېسىلىش دەرىجىسىگە قاراپ سىنىلىدۇ. "كىشىلەرنىڭ ئەڭ قاتتىق سىنىلىدىغىنى پەيغەمبەرلەردۇر، ئاندىن ..." (ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان). كۇپپار بولسا، بەزىدە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئارغامچىسىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىدۇ.

**ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى.**

— سۈرە «ئەنئام» (6 ـ سۈرە) 44 ـ ئايەت

رەسۇلۇللاھ ۋە راشىد خەلىپىلەرنىڭ ھايات لەززەتلىرىنى تەرك ئېتىش ۋە غۇربەتچىلىككە قانائەت قىلىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن، ھەممىلا كىشىنىڭ شۇنداق يول تۇتۇشى كېرەكلىكى چىقمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى، ئۆزلىرىدىن كېيىنكىلەرگە ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق، يولباشچىلارنىڭ ھاكىمىيەتنى پۇرسەت دەپ ئەمەس، مەسئۇلىيەت دەپ تونۇشى ۋە نامراتلارنىڭ ھالىغا يېتىشى ئۈچۈندۇر.

## پاك ـ پاراۋان تۇرمۇشتىكى مەنىۋى ئامىللار

پاك ـ پاراۋان تۇرمۇش ھەرگىزمۇ ماددىي ئامىللار بىلەنلا ئىشقا ئاشمايدۇ. ئېسىل تائام ـ شاراب، ئالىي كىيىم ـ كېچەك، كۆڭۈلدىكىدەك قاتناش قورالى، كەڭتاشا داچىلار، لېۋەن ئاياللار پاك ـ پاراۋان تۇرمۇشنىڭ بىرلا تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. كۆڭۈل ئارامى، ۋىجدان راھىتى بولسا يەنە بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. "بىز بىر سورۇندا ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ بېشى ھۆل ھالدا چىقىپ كەلدى. بىز: 'ئى رەسۇلۇللاھ! قارىساق ناھايىتى خاتىرجەم كۆرۈنىدىلا؟!' دېدۇق. رەسۇلۇللاھ: 'شۇنداق' دېدى. ئاندا كىشىلەر بايلىق ھەققىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ: 'ئاللاھتىن قورققان كىشى باي بولسا كېرەك يوق، ئاللاھتىن قورققان كىشىگە سالامەتلىك بايلىقتىن ئەۋزەلدۇر، كۆڭۈل ئارامى باشقا بارلىق نېمەتلەردىن ئەۋزەلدۇر' دېدى" (ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان).

دېمەك، رەسۇلۇللاھ بايلىقنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق ئىكەنلىكىنى، بىراق سالامەتلىكنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەللىكىنى بايان قىلغان. چۈنكى، ئاغرىق ـ سىلاقتىن قوپالمىغان كىشى بايلىقنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ. ھالبۇكى، كۆڭۈل ئارامى ھەممىدىن مۇھىم. ئەمەلىيەتتە، كۆڭۈل ئارامى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى دۇنيادا خالىغان بەندىسىگە ئىنئام قىلىدۇ. ئۇ مۇئمىنىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئىستىقبالىنىڭ خۇش بېشارىتى. بەخت ـ سائادەت ئىزدىگەن كىشى ئۆز بەختىنى مال ـ دۇنيادىن، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن تاپالىشى ناتايىن. كىشى قارۇننىڭ خەزىنىسىگە ئىگە تۇرۇپمۇ خەزىنىدىن بەھر ئالالماسلىقى ھەتتا ئۇنىڭ تۈپەيلى ئازاب تارتىشى مۇمكىن. قارۇن مال ـ دۇنياسىنى خۇدا دەپ بىلگەچكە، مال ـ دۇنياسى ئۇنى قۇل قىلىۋالدى. ئۇ مېلىنى توپلاشتا، ساقلاشتا، ئاۋۇتۇشتا چارچىدى، كېچە ـ كۈندۈز پالاقلىدى. بارغانسېرى ئاچكۆزلىشىپ ئازغا قانائەت قىلمايدىغان، كۆپكە تويمايدىغان ھالەتكە ئۆتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ئەسلىدە پاراغەت ۋاستىسى بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە ئۇنى ئازابلاش قورالىغا ئايلاندى. بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە رەسۇلۇللاھ: "كىمكى ئۇنىڭ بارلىق غەم ـ غۇسسىسى دۇنيا بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى (يەنى زېھنىنى) چېچىۋېتىدۇ، نامراتلىقنى كۆز ئالدىدا (يەنى ھېلىلا نامراتلىشىپ كېتىدىغاندەك) قىلىپ قويىدۇ. ئۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن نەرسىگىلا ئېرىشەلەيدۇ" دېگەنىدى.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## نەزىرگە ئاتالغان پۇل نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە قىلىندى

ئاتاقلىق تىلشۇناس، ئاپتونوم رايونلۇق تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور خەمىت تۆمۈر ئەپەندى بۇ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغانىدى، 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەرھۇمنىڭ رەپىقىسى نۇرنىسا خانىم ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بېيجىڭدا مەرھۇمنىڭ 40 نەزىرىگە تەييارلىغان 5000 يۈەن پۇلنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدىكى شىنجاڭلىق نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە قىلىپ، مەرھۇمنىڭ ئۆمۈر بويى قېتىرقىنىپ مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىللىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قان ـ تەرىنى ئايىماي سەرپ قىلغان ئۈچمەس روھىنى نامايان قىلدى. (ش)

# ئىخلاس ھەققىدە

ئابدۇغېنى ۋاھاب

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !

ھەق سۇبھانە ۋەتەئەلا مۇبارەك قۇرئاندا ئېيتىدۇكى :

**ئېيتقىنكى، "مەن دىنىنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم".**

ــ سۈرە «زۇمەر»(39 ـ سۈرە)، 11 ـ ئايەت

بۇ ئايەتتە زىكرى قىلىنغان ئىخلاسنى ياخشى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن، ئىخلاسنىڭ لۇغەت ۋە شەرئى ئىستېمالىدىكى مەنىلىرى بىلەن تونۇشۇشىمىز لازىم.

"ئىخلاس" سۆزى ئەرەب تىلىدىكى "أخلص يخلص إخلاصا" دېگەن پېئىلدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، "پاكلىماق، جەۋھىرىنى ئالماق، سەممىي ـ سادىق بولماق" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شەرئى ئىستېلاھتا بولسا ئىبادەت ۋە باشقا ياخشى ئىشلارنى قىلغاندا كىشىلەرگە كۆرسىتىشنى ياكى ئۇلارنىڭ مەدھىيەلىرىنى مەقسەت قىلماستىن، پەقەت ئاللاھنىڭلا رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش ۋە رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار ئىخلاس دېگەن سۆزگە تەبىر بېرىپ: ئىخلاس دېگىنىمىز بىر ئاللاھقىلا خالىس تائەت ئىبادەت قىلىش دېمەكتۇر، دەيدۇ. يەنە بەزى ئۆلىمالار ئىخلاسنى تېخىمۇ كەڭ دائىردە چۈشەندۈرۈپ، ئىخلاس دېگەنلىك ئاللاھقا ئىبادەت قىلغاندا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنى ئويلىماسلىق دېگەنلىكتۇر، دەيدۇ.

ئىخلاس ھەققىدە ئىمام غەززالى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "‹كىم ئاللاھ ئۈچۈن 40 كۈن ئىخلاس بىلەن ئىجتىھات قىلىپ ئەمەل قىلىدىكەن، ھېكمەت ئۇنىڭ قەلبىدىن تىلىغا ئېتىلىپ چىقىدۇ› دېگەن گەپ بويىچە، مەن 40 كۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلدىم، لېكىن بۇ ئىش مەندە ھاسىل بولمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەھۋالنى ئالىملارغا ئېيتتىم، ئۇلار: 'سەن ھېكمەتنىڭ تىلىڭغا چىقىشى ئۈچۈنلا ئىخلاس قىلىپسەن، ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئىخلاس قىلماپسەن' دېدى".

ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قىلغان ئەملى قارىماققا ھەرقانچە كاتتا بولسىمۇ ئەگەر ئۇنىڭ ئەمەللىرىدە چىن ئىخلاس بولمىسا، ئۇنىڭغا كىچىككىنە رىيا ئارىلىشىپ قالسا ئۇ ئەمەل بىكار بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەجىر بېرىلمەيدۇ.

ئەمما چىن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ياخشى ئەمەل قارىماققا كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭلا رازىلىقى تەلەپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ئەجىر بېرىلىدۇ.

ئىخلاسنىڭ ئىسلام دىنىدا تۇتقان ئورنى تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىمىزدە، ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىمىزدە سەممىي ـ ساپ دىل بولۇش، رىيا ۋە كۆز بويامچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقىلا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى). ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر.**

ــ سۈرە«بەييىنە»(98 ـ سۈرە)، 5 ـ ئايەت

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ئاللاھ تەرىپىدىن توغرا دىن دەپ تەرىپلەنگەن ھەققى ئەقىدە ۋە دۇرۇس

دىنىنىڭ ئاساسى ئۈچ نەرسىدۇر: 1) تەۋھىد؛ 2) چىن ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش؛ 3) زاكاتنى بېرىش. ئاللاھ "مخلصين" دېگەن كەلىمىسى ئارقىلىق يولىيورۇق بېرىپ، ھەقىقى ئىخلاسمەن بولۇشنىڭ ئىبادەت ۋە مۇسۇلمانچىلىقتىكى بىردىنبىر يول ئىكەنلىكىنى مېغىزلىق كۆرسەتكەن. دېمەك ئادا قىلىنىۋاتقان ئىش ئەمەللەردە خالىس بولۇش، پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ رىزاسىنىلا كۆزلەش كېرەك. قورۇق نام-شۆھرەت ئۈچۈن، خۇسۇسى غەرەز، شەخسى مەنپەئەت ئۈچۈن قىلىنغان ئىبادەتنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچ نەرسىگە پايدىسى يوق، ئۇ پەقەت رىياكارلىق ۋە ئۆزىنى ئالداشتىن ئىبارەت خالاس.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەمەللەردە ئىخلاسنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:" **بىر كىشى ئۆگىنىشتە پەقەت ئاللاھنىڭلا رىزاسى تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمنى دۇنيانىڭ نېسىۋىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، ئۇنداق كىشى جەننەتنىڭ خۇش ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ**" (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

شۇڭا ئەگەر ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كەلسە قەلبنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. ئىبادەت ياكى باشقا ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كەلسە ئۇ چوقۇم ئىخلاس بىلەن باشلىنىشى كېرەك.

قېرىنداشلار! ئىخلاس دېمەك سەممىيەت دېمەكتۇر. ئىخلاس دېمەك پاك قەلب دېمەكتۇر. ئىخلاس دېمەك چىن ئېتىقاد دېمەكتۇركى، ئۇ ئاللاھ تائالا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى سىردۇر. بىز زاھىرى ئەمەللەرنى كۆرەلەيمىز، ئەمما ئىخلاس بولسا قەلب ئەملى بولۇپ قەلبلەرنىڭ ماھىيىتى ئاللاھقا مەلۇمدۇر.

چىن ئېتىقاد ۋە ئىخلاستىن ئايرىلغان ئەمەل ئاسانلا نىفاق ۋە رىيانى ئارىلاشتۇرۇۋالىدۇ. دېمەك، ئىنسان چىن ئېتىقادى ۋە چىن ئىخلاسى بىلەن مۇئمىن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنى پەقەت دىنىنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا خالىس قىلىشقا بۇيرۇپ، مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى. ھەر بىر سەجدە قىلغاندا پۈتۈنلەي ئاللاھقا يۈزلىنىڭلار، ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەر ئاللاھ دەسلەپتە پەيدا قىلغان ھالىتىڭلاردا(ئەسلىگە) قايتىسىلەر".**

—— سۈرە«ئەئراف» (7-سۈرە)، 29-ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىخلاس بىلەن ئىخلاسسىز قىلىنغان ئەمەلنىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈپ، مۇنداق دېگەن:" **قىيامەت كۈنى ئەڭ ئەۋۋەل ھۆكۈم قىلىنىدىغان كىشى ئاللاھ تائالا باياشاتلىق ۋە تۈرلۈك مال-دۇنيا ئاتا قىلغان كىشى بولۇپ ئۇ ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا نېمەتلىرىنى ئۇنىڭغا تونۇتىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ. ئاللاھ تائالا: 'ساڭا نۇرغۇن بايلىقنى بەردىم، مال دۇنيا بەردىم. بۇ نېمەت بىلەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟' دەپ سورايدۇ. ئۇ: 'مەن مال-مۈلۈكنى سەن رازى بولىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلدىم' دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: 'يالغان ئېيتتىڭ، سەن سېخى دەپ نام قازىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ، سەن سېخى دېيىلدىڭ، سېنىڭ مۇكاپاتىڭ بېرىلىپ بولدى' دەيدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ**" (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

دېمەك، ئۇ كىشى قارىماققا كاتتا ئەمەللەرنى قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئۇ ئىخلاستىن چەتنەپ كەتكەن، ئۇنىڭ قەلبىگە رىيا، كۆز بويامچىلىق ئارىلىشىپ قالغان. شۇڭا ئۇ ساۋابقا ئېرىشەلمىگەننى ئاز دەپ ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ تەرىپىدىن خالىس بەندە ھېسابلانماي ئاقىۋەتتە جازاغا مەھكۇم بولغان.

بىز بۇ ھەدىسلەردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرالايمىزكى: ئەمەللەرنىڭ مۇكاپات-جازاسى نىيەت، ئىخلاسقا باغلىق. ھەر كىم ئۆز نىيەت ئىخلاسىغا يارىشا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. ئىخلاستىن چەتنىگەن ئەمەل كۆرۈنۈشتە ھەر قانچە كاتتا بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدىغان ھەتتا جازاغا تارتىلىدىغان ئەمەلدۇر.

ھەر بىر كىشى ئۆزى قىلىۋاتقان ئەمەلنىڭ كىشىگە بېرىدىغان تاشقى تەسىرىگە ئېتىبار بېرىدۇ. دەرۋەقە بۇنىڭغىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك؛ لېكىن ئەڭ مۇھىمى، قىلىۋاتقان ئەمەللەرنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇشىغا، ئىخلاسنىڭ چىن، پاك چوڭقۇر بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئاللاھقا ھەقىقي ئىخلاسمەن بەندە مەخپىي ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىدۇ، خەير-ئېھسانلارنى يوشۇرۇن قىلىدۇ، خالىي جايدا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن

قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ يىغلايدۇ، ھەتتا بارلىقىنى ئاللاھ رازىلىقىغا بېغىشلايدۇ. چىن ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇ بەندىنىڭ ھەر خىل ئىبادەت ئەمەللىرىنى، شۇنداقلا خەيرلىك ئىشلارنى قىلغاندىكى ئىخلاسى، كۈندىلىك مەشغۇلات ۋە مۇئامىلاتتىدا ئەستايىدىل بولۇشى، باشقىلارغا ھەم ئۆزىگە سەمىمىي بولۇشى، يالغانچىلىق، ساختىپەزلىكتىن ساقلىنىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ''قانداق بىر كىشى — گەرچە ئۆزى زىيان تارتىدىغان ئىش بولسىمۇ — ھەقىقەتتە سەمىمىي بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشى بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارغا كۇپايىدۇر. كىم ئۆزىدە يوق نەرسە بىلەن زىننەتلەنسە ئاللاھ ئۇنى سەت كۆرسىتىدۇ''. دېمەك، سىزنىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشىڭىزدا ئىخلاس (ئاللاھنىڭ رازىلىقى) مەقسەت قىلىنىشى لازىم.

قېرىنداشلار، بىز ئۆزىمىزدە ئىخلاسنى يېتىلدۈرمىسەك، ھەر ئىشتا پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمىسەك، ئۆزىمىز تۈيمىغان ھالدا رىيا ئارىلىشىپ قالىدۇ-دە، بىز ئەمەل قىلىش جەريانىدا تارتقان جاپادىن باشقا ھېچ قانداق پايدىغا ئېرىشەلمەيمىز. ئىخلاسىمىزنى يوقىتىپ قويساق ئېغىر جازاغا تارتىلىمىز. چۈنكى بىز پەقەتلا تىلىمىز بىلەن ئىقرار قىلىشقا ۋە ياكى كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلىپ قويۇشقا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالاغا خالىس نىيەت، چىن ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇق.

ئەگەر بىز قىلغان ئەمەللىرىمىزدە ئىخلاس قىلمىساق ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا، ئاللاھ: **''سەن ئەمەللىرىنى مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، كىشىلەرگە كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلغانىدىڭ، كىشىلەر كۆردى. 'پالانى ئەجەب ياخشى ئەمەل قىلدى' دېدى. سەن ھاياتىڭدا مۇكاپاتقا ئېرىشىپ بولدۇڭ''** دەپ دوزاخقا تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ. خۇدا ھەممىمىزنى ئۇنداق كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن! ھەممىمىزنى ئىخلاسمەن بولۇشقا، ئۆمۈر بويى چىن ئىخلاسىمىز بىلەن ياشاشقا نېسىپ قىلسۇن-ئامىن!

(ئاپتور: جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)


## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەزدىكى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارمىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، ئىرازى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان پەسىللىك، ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى. 2007-يىللىق ژۇرنالنىڭ تاق باھاسى 4.50 يۈەن، يىللىق باھاسى 18 يۈەن، 2006- يىللىق توپلام پات ئارىدا تۈپلىنىپ چىقىدۇ، باھاسى ئىلگىرىكىدەكلا 22 يۈەن بولىدۇ. 1999- ، 2000- ، 2001- ، 2003- ، 2004- ، 2005-يىللىق توپلامدىن بىر قىسمى بار، توپلام سېتىۋالغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلەشسە بولىدۇ. 2005-يىللىق توپلام(22يۈەن)دىن باشقا كونا توپلاملارنىڭ باھاسى 20 يۈەن. ژۇرنىلىمىز يەنىلا يەرلىك پوچتخانا، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى(شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى) ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 167—58، چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى Q1720. مۇسۇلمانلارنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مائارىپ-مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# ئىسلام بىلىم گۈلزارى

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىجارەت هاياتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە پەيغەمبەرلىك كەلگىچە تاغىسى ئەبۇ تالىپ بىلەن شام (هازىرقى سۈرىيە )گە بېرىپ تىجارەت قىلغانىدى. ئۇ تىجارەت ئېھتىياجىدىن سەپەرلەرگە چىققان، شېرىكلىشىپ ئوقەت قىلغان، سودا ۋەكىلىمۇ بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچىگە ۋاكالەتەن سودا سەپەرلىرىگە چىققان، خەدىچىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقىتىنى يۈرۈشتۈرۈپ تۇرمۇشنى قامدىغان ھەم يېتەرلىك پۇل تاپقانىدى.

پەيغەمبەرلىكتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن مال سېتىۋالغۇچى بولۇپ تىجارەت قىلغان، مەدىنە بازىرىدا جايىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ھالال، قانۇنلۇق سودا قىلىش تەدبىرلىرىنى بەلگىلىگەن. بۇ تەدبىر ۋە بەلگىلىمىلەر شۇ جايدىكى تىجارەتنى توغرا ئىزغا سالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەرز قايتۇرۇشقا تولىمۇ سەزگۈر ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ، تىجارەتچى ـ سودىگەرلەرنىڭ لەۋزى ھالال، دۇرۇس، ئىشەنچلىك، شۇنداقلا جاسارەتلىك، تەۋەككۇلچى بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سودا ـ تىجارەتكە ئائىت ئېيتقانلىرى، شۇنداقلا ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيىلىرى ۋە پەرھىزلىرى تۆۋەندىكىچە:

تىجارەتنى بالدۇرراق باشلاش كېرەك. سودا ـ مۇئامىلىدە ئازادىلىك، باراۋەرلىك يارىتىلىشى، مال چوقۇم بازارغا ئېلىپ بېرىلىشى، مال ئەسلىدىكىسىدىن باشقا خىل كۆرسىتىلمەسلىكى كېرەك. قەسەم قىلىپ خېرىدارنى تەسىرلەندۈرۈشكە ئورۇنماسلىق ، ئۆلچەم ـ تارازادا ناھايىتى دىققەت قىلىش لازىم. بازار جانلىق باشقۇرۇلۇشى، پۇل دائىم بازاردا ئوبوروت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك. ھارام مال بىلەن سودا قىلماسلىق لازىم. ھەممە ئادەم تىجارەت قىلسا بولىدۇ.

ئەرلەر بىلەن بىللە يەنە ئاياللارنىڭمۇ تىجارەتتە خېلى ئورنى بولغان ئۇ زاماندا پەيغەمبىرىمىز بەزى ئايرىم ئەھۋاللارغا قارىتا، ئۆزۈرى بار ئاياللارنىڭمۇ تىجارەت قىلىشىنى چەكلىمىگەن، ئۇلارنىڭ تىجارەتكە قېتىلىشىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ھۆكۈملەرنى چىقارغان.

## بوش ۋاقىتنى پايدىلىنىش

ۋاقىت— ئىنسان ئىگە بولغان ئەڭ قىممەتلىك خەزىنىدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: **"كۆپىنچە ئىنسانلار شۇ ئىككى نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، بىرى،ساغلاملىق، يەنە بىرى بوش ۋاقىتتۇر".**

قۇرئان كەرىمنىڭ «ئەسر»سۈرىسىدە بۇ قىممەتلىك خەزىنە ھەققىدە ئىشارەت بېرىلگەن. ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلانمايدىغان مۇسۇلماننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس. "ئەسر" كەلىمىسى "دەۋر، زامان، ئۇزۇن بىر ۋاقىت" مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ سۈرىنى زامان (ۋاقىت) بىلەن قەسەم قىلىپ باشلايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە بەش مۇھىم نۇقتىنى ۋاقىت بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ، بۇلار: ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىش، دەۋرنىڭ قەدرىگە يېتىش ؛ ئىمان ئېيتىش؛ ياخشى ئىشلارنى قىلىش؛ كىشىلەرگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىش؛ بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىش.

ئاللاھ تائالانىڭ ۋاقىت بىلەن قەسەم قىلىشى ۋاقىتنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدا نە قەدەر مۇھىم بىر خەزىنە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قەسەمنىڭ مەنىسى شۇكى، ھەر بىر مۇسۇلمان دەۋرنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىشى، ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىشى ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشنى بىلىشى كېرەك. ھەر مۇسۇلمان ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي شارائىتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنى دەۋرگە ماس، ياراملىق بىر ئىنسان قىلىپ يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

مۇسۇلمان— بۇ سۈرىنىڭ («ئەسر» سۈرىسىنىڭ) مەزمۇنى بويىچە ۋاقىتتىن ئەڭ ياخشى پايدىلىنىدىغان ئىنسان دېمەكتۇر. مۇسۇلمان— ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەيدىغان، ھەتتا بىكار ۋاقتى يوق ئىنساندۇر. ھەر بىر مۇسۇلمان ئەگەر ئىجادلىق تاپمىغان دېسە، ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت، نەتىجە قازانمىغان دېسە، ۋاقىتنى ھەرگىز بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى كېرەك.

بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسىدۇر. بوش ۋاقىت مۇسۇلمانلار تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ھەم ئەڭ قىممەتلىك سەرمايىسىدۇر. ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزىدىغان شەخس ۋە جەمئىيەت تەرەققىي قىلالمايدۇ، ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە خوجا بولالمايدۇ.

## پرىنسىپلىق ياشاش

ئىسلام دىنى ھەر تېمىدا يولىيورۇق بەرگىنىدەك، ئىنسان خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئېنىقلىما ۋە چۈشەندۈرۈشلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىسلام دىنى ماددىي، مەنىۋى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ مەزكۇر ئىشلىرىنى ياخشى ئورۇنلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىشنى ياخشى قىلىش گۈزەللىك ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتىلگەن، پرىنسىپچان، ئۆز ئىشىنى بېرىلىپ قىلىدىغان كىشىلەرگە خاس بىر خىل ئالاھىدىلىكتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ھەر ساھەدە مۇكەممەل بولۇشقا، گۈزەللىكنى نامايان قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؛ ئالدىراڭغۇلۇق، چېچىلاڭغۇلۇق، قوپاللىقنى رەت قىلىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىززەت-شەرىپىگە ئېرىشىشى ۋە بۇنى قوغدىشى كېرەك. ئىنسان كىشىلەر ئارىسىدا شان-شەرەپكە ئېرىشىدۇ ياكى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ. ئىنسان بۇنى بىلىشى، شان-شەرەپكە ئېرىشىش ياكى يوقىتىشىنىڭ بىر تۈركۈم پرىنسىپلارغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. سۆز-ھەرىكەتلەردە ئەمەل قىلىنىشى كېرەك بولغان بۇ پرىنسىپلار دىنىي ئەمر، ئەنئەنە ۋە ئۆرپ-ئادەت بىزگە ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلاردۇر. چۈنكى ئىسلام ھاياتلىق دىنىدۇر، ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ئۇچرايدىغان ھەر خىل ئەھۋالغا قارىتا ئورۇنلايدىغان ھەرىكەت مىزانلىرى ئۇنىڭدا مەۋجۇتتۇر. ئىسلامنىڭ ھاياتلىقنىڭ ھەر بىر ساھەسىنى يورۇتىدىغان ئاساسىي پرىنسىپلىرى بار. ئۇ پرىنسىپلارنىڭ ئىنسان ھاياتىدا ئەكس ئېتىشىدە يەنە ئىسلام ئەڭ مۇھىم رەھبەردۇر.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشمەكچى بولغانلار ئالدى بىلەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا سەممىيلىك بىلەن ئىشىنىشى، جانابىي ھەق بىزلەرگە بۇيرۇغان بەندىلىك ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇنلىشى كېرەك؛ قوشنىلىرىغا، مېھمانلىرىغا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، ئەتراپىدىكىلەرگە، يۇرتىغا، دۆلىتىگە ۋە پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى كېرەك؛ دىنىمىزدا يامان، قەبىھ كۆرۈلىدىغان غەيۋەت-شىكايەت، ھەسەت، ئاداۋەت قاتارلىق ناچار خۇيلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك؛ گەپ قىلغاندا چىرايلىق، پايدىلىق گەپ قىلىشى، بىر كىمنى رەنجىتىپ قويماسلىقى كېرەك. مانا بۇلار ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئاخىرقى دىن بولغان ئىسلام دىنى ئوتتۇرىغا قويغان پرىنسىپلاردۇر. مۇئمىنلەر ئىسلام دىنى بۇيرۇغان مۇشۇنداق پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشى، قائىدىلىك، تەرتىپلىك، دۇرۇس ھەرىكەت قىلىشى، پرىنسىپچان بولۇپ، ھەر كىمگە ئۈلگە بولۇشى كېرەك.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

## ئاللاھ تائالانىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلگەن ئۈچ كىشى ھەققىدە ئىبرەتلىك قىسسە

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" بەنى ئىسرائىلدا بىر ئاق كېسەل، بىر تاز ۋە بىر ئەمادىن ئىبارەت ئۈچ ئادەمنى ئاللاھ سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇلارغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتتى. پەرىشتە ئاق كېسەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ:' سەن قايسى نەرسىنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟' دەپ سورىدى. ئۇ: 'كىشىلەر مەندىن يىرگىنىدۇ، تېرەم تۈزىلىپ چىرايلىق رەڭدە بولۇشىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن' دېدى. پەرىشتە ئۇنى سىلاپ قويۇۋىدى، ئۇنىڭ رەڭگى تۈزۈلۈپ، تېرىسى چىرايلىق بولۇپ كەتتى. پەرىشتە ئۇنىڭغا:' قايسى مالنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟' دېدى. ئۇ:' تۆگىنى ياكى كالىنى ياقتۇرىمەن' دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر بوغاز تۆگە ئاتا قىلدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: 'مېلىڭ بەرىكەتلىك بولسۇن' دېدى. پەرىشتە تازنىڭ يېنىغا كېلىپ:' سەن قايسى نەرسىنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟' دېدى. تاز:'كىشىلەر مەندىن يىرگىنىدۇ، بېشىم تۈزىلىپ چىرايلىق چېچىم بولۇشنى ئەڭ ياقتۇرىمەن' دېدى. پەرىشتە ئۇنى سىلاپ قويۇۋىدى، بېشى تۈزۈلۈپ چىرايلىق چاچ چىقتى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: 'قايسى مالنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟ ' دېدى. ئۇ:' كالىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن' دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر بوغاز كالا ئاتا قىلدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا: 'مېلىڭ بەرىكەتلىك بولسۇن' دېدى. پەرىشتە ئەمانىڭ يېنىغا كېلىپ:' سەن قايسى نەرسىنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟' دەپ سورىدى. ئەما:'ئاللاھ كۆزۈمنى ئېچىۋەتسە، كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىنى كۆرسەم ئىكەنمەن' دېدى. پەرىشتىنىڭ سىلاپ قويۇشى بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتتى. پەرىشتە ئۇنىڭدىن:' قايسى مالنى ئەڭ ياقتۇرىسەن؟' دەپ سورىدى. ئۇ:' قوينى ئەڭ ياقتۇرىمەن' دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر قوزىلىق ساغلىق ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ماللىرى كۆپىيىپ، ئاق كېسەل بىر ئويمان تۆگىگە، تاز بىر ئويمان كالىغا، ئەما بىر ئويمان قويغا ئىگە بولۇپ قالدى. ئاندىن كېيىن پەرىشتە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتى ۋە تۇرقىدا كېلىپ ئاق كېسەلگە:'مەن مىسكىن ئادەممەن، سەپىرىمدە رىزىقنىڭ يولىنى تېپىشقا ئامالسىز قالدىم، بۈگۈن تىلىكىمنىڭ ھەل بولۇشى ئاللاھتىن قالسا ساڭىلا باغلىق بولۇپ قالدى، سېنىڭ رەڭگىڭنى، تېرەڭنى چىرايلىق قىلغان، ساڭا مال بەرگەن ئاللاھنىڭ ھەققى ئۈچۈن سەندىن سەپىرىمدە ھاجىتىمدىن چىقىدىغان بىر تۆگە سورايمەن' دېدى. ئۇ:'مالنىڭ تېگىشلىك چىقىملىرى كۆپ' دەپ جاۋاب بەردى. پەرىشتە ئۇنىڭغا:'مەن سېنى تونۇيدىغاندەك تۇرىمەنغۇ، سەن كىشىلەر يىرگىنىدىغان ئاق كېسەل ئەمەسمىدىڭ؟ ئاللاھ ساڭا مال بەردىغۇ؟' دېدى. ئۇ:' بۇ مال ماڭا چوڭ ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمدىن مىراس قالغان' دېدى. پەرىشتە:' يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئىلگىرىكىدەك قىلىپ قويسۇن' دېدى. پەرىشتە تازنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتى ۋە تۇرقىدا كېلىپ ئاق كېسەلگە قايسى گەپلەرنى دېگەن بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ گەپلەرنى دېدى. تازمۇ ئۇنىڭغا ئاق كېسەلنىڭ جاۋابىدەك جاۋاب بەردى. پەرىشتە تازغا:' يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئىلگىرىكىدەك قىلىپ قويسۇن' دېدى. پەرىشتە ئەمانىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتىدە كېلىپ:'مەن مىسكىن مۇساپىر ئادەممەن، سەپىرىمدە رىزىقنىڭ يوللىرى كېسىلدى، بۈگۈن تىلىكىمنىڭ ھەل بولۇشى ئاللاھتىن قالسا ساڭىلا باغلىق بولۇپ قالدى، سېنىڭ كۆزۈڭنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئاللاھنىڭ ھەققى ئۈچۈن سەندىن سەپىرىمدە ھاجىتىمدىن چىقىدىغان بىر قوي سورايمەن' دېدى. ئەما:'مەن ئەما ئىدىم، ئاللاھ كۆزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈردى، گاداي ئىدىم، ئاللاھ مېنى باي قىلدى، خالىغىنىڭنى ئالغىن. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن خۇدا ھەققى ئۈچۈن ئالىدىغان نەرسىنى بەرمەي، سېنى قىيىن ئەھۋالدا قويمايمەن' دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغا:'مېلىڭنى ئۆزۈڭ ئالغىن، ئاللاھ سىلەرنى سىناپ كۆردى، ئاللاھ سەندىن رازى بولدى، سېنىڭ ئىككى ھەمراھىڭغا غەزەپ قىلدى' دېدى".

(«سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى»دىن ئېلىندى؛ تەۋسىيە قىلغۇچى: ئىسمائىل ياقۇپ)

# خەلقئارالىق بېرىش - كېلىشلەر

## رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىقلار "دۇنيا دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق مەجلىسى"گە قاتناشتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق ھەيئىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى شېنخۇي ھەزرەت مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو دىنلار مەدەنىيىتى ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جياڭ جيەنيۇڭ مەسلىھەتچى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق ھەيئىتىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي باش كاتىپ بولغان 25 كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق ھەيئىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2006-يىل 8-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە ياپونىيىنىڭ كيوتو شەھىرىدە ئېچىلغان "دۇنيا دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق مەجلىسى"8-نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن ئۆمەك ئەزالىرى يولغا چىقىشتىن بۇرۇن قوبۇل قىلدى ۋە مۇھىم يوليورۇق بەردى.

بۇ قېتىمقى يىغىن: "زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئامانلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولايلى" دېگەن مەزمۇننى باش تېما قىلغان بولۇپ، 100دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 2000دەك كىشى يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى.

8-ئاينىڭ 26-كۈنى يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا دۇنيا دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ئىئوردانىيە شاھزادىسى ھەسەن، ئىراننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى خاتەمى، قاتارلىقلار ھەمدە ياپونىيىنىڭ دىنىي داھىيلىرى تەكلىپلىك ئالىي مېھمىنى بولۇپ قاتناشتى. ياپونىيىنىڭ باش ۋەزىرى شاۋچۈەن ساھىبخان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

يىغىن ئەھلى "زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئامانلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولايلى" دېگەن باش تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا يەنە"زىدديەتنى پەسەيتىش"، "تىنچلىق بەرپا قىلىش"، "سىجىل تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش" دېگەن مەخسۇس تېمىلاردا چوڭ يىغىندا سۆزلەشكە ۋە گۇرۇپپىلاردا مۇزاكىرە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەمدە يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى سايلاپ چىقىلدى. يىغىن ئاخىرىدا «كيوتو خىتابنامىسى» ماقۇللاندى.

يىغىن جەريانىدا، رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىسلار مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي، ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلار مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ دىنىي ساھەدىكى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە يىغىننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.(ب)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خۇاڭ چاڭيۇ 2-نۆۋەتلىك "دۇنياۋى ۋە ئەنئەنىۋى دىنلار داھىيلىرى يىغىنى"غا قاتناشتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو دىنىي ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خۇاڭ چاڭيۇ 2006 -يىلى 9-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئاستانىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2-نۆۋەتلىك "دۇنياۋى ۋە ئەنئەنىۋى دىنلار داھىيلىرى داھىيلار يىغىنى" غا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىن"دىنىي ئەركىنلىك ۋە باشقا دىنلارنى ھۆرمەتلەش ھەمدە دىنىي داھىيلارنىڭ خەلقئارا تىنچلىقنى قوغداشتىكى رولى"دېگەن مەسىلىلەرنى ئاساسى تېما قىلغان بولۇپ، 60تىن ئارتۇق ۋەكىل ۋە تەكلىپلىك مېھمانلار مۇشۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىنغا قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋ رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن «ئورتاق خىتابنامە» ئىمزالىدى.(ب)

## جۇڭگو ھەج(ئۇمرە) خىزمىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكى مالايسىيا قاتارلىق تۆت دۆلەتتە زىيارەتتە بولدى

ئۆز خەۋىرىمىز: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەجگە تەشكىللەش، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ياخشىلاش، ھەجگە تەشكىللەش خىزمىتى جەھەتتە بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىدىن ئۈلگە ئېلىش يۈزىسىدىن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىرلىكتە جۇڭگو ھەج(ئۇمرە) خىزمىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ، 2006-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە مالايسىيا، تۈركىيە، ئىران، ھىندونېزىيە قاتارلىق تۆت دۆلەتتە خىزمەت زىيارىتىدە

بولدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ ئۆمەك باشلىقى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇرات ئېلى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ياڭ جىبو قاتارلىقلار مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ تەشكىللەنگەن زىيارەت ئۆمىكى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ھەمدە ھەجگە بارىدىغانلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولغان شىنجاڭ، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، يۈننەن، شەنشى، ئىچكى موڭغۇل، خېنەن، خېبېي، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 24 كىشىدىن تەركىب تاپتى.

زىيارەت ئۆمىكى 15كۈن داۋاملاشقان زىيارەت جەريانىدا، مالايسىيادا مەخسۇس ھەج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورگىنى "تابۇڭ ھاجى" ۋە ھاجىلارنى تەربىيىلەش مەركىزى قاتارلىق ئورگانلارنى؛ تۈركىيىدە ئىستانبۇل شەھەرلىك مۇپتى ئىدارىسى، تۈركىيە ساياھەت جەمئىيىتى، تۈركىيە مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىكى، تۈركىيە دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئەنقەرە شەھەرلىك مۇپتى ئىدارىسى قاتارلىق ئورگانلارنى؛ ئىراندا ئىراننىڭ ھەج ئىشلىرىنى تەشكىللەش مەركىزىنى؛ ھىندونېزىيىدە ھېندونېزىيە ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىجرائىيە ئورگىنى، ھىندونېزىيە جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار بىرلەشمىسى، ھىندونېزىيە ئىسلام ئالىملىرى گۈللىنىش ئورگىنى قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. زىيارەت جەريانىدا بۇ تۆت دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى ئۆمەك ئەزالىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ سورىغان مەسىلىلىرىگە ئەستايىدىل جاۋاب بەردى.(ب)

**جۇڭگو قارىيلىرى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى**

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ھەر قايسى ئەل ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى ئابدۇلھەمىت ئۆمەر قارىي 2006-يىل 10-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 14-نۆۋەتلىك مىسىر خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، مۇنەۋۋەر قىرائەتچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى؛ جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى ما جۈبي قارى 2006-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن9-ئاينىڭ 18-كۈنىگىچە لىۋىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن لىۋىيە 3-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى؛ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى ئابدۇسەمەت سۇلايمان قارىي 2006-يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 10-ئاينى 4-كۈنىگىچە ئىراننىڭ پايتەختى تېھران شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 23-نۆۋەتلىك ئىران خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ مۇنەۋۋەر قىرائەتچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. مۇسابىقىلەرگە قاتناشقان بۇ قارىيلار مۇسابىقە جەريانىدا جۇڭگو قارىيلىرىنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى نامايان قىلدى، باھالىغۇچىلار جۇڭگو قارىيلىرىنىڭ قىرائىتىگە يۇقىرى باھا بەردى . جۇڭگو قارىيلىرى يۇقىرىقىدەك چوڭ كۆلەملىك خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى نامايان قىلدى. ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، چەتئەللەرنىڭ قىرائەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ قايتىپ كەلدى . بۇنىڭ مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى يەنە بىر قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈشىگە زور ياردىمى بولغۇسى .(ب)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

**جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى "ئىسلام دىنى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش" تېمىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى**

**ئۆز خەۋىرىمىز:** مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت سىستېما قۇرۇلۇشىغا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2006-يىل 10-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە بېيجىڭدا "ئىسلام دىنى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش" دېگەن تېمىدا ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقارمىلارنىڭ مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي، ئىبراھىم ۋۇ يىيې، يۈسۈف ليۇ باۋچى، ئىبراھىم دېڭ ۋېنفاڭ، مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې، ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، مۇستافا ياڭ جىبو، ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلار، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن نوئمان ماشيەن، ئابدۇرېھىم ئىمىن، ئەلى ليۇ شيۇشياڭ، مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ، شەمشىددىن ھاجى، خالىد ياڭ زۇڭشەن قاتارلىقلار، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن بارات رەجەپ، نەبىل ما جۇڭپىڭ، ئىبراھىم ۋاڭ گولياڭ، ئامۇر جاڭ گۇاڭلىن، ئىمادىددىن ۋېن جيەن ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى قاتناشتى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، خەلق

رەسىملىك ژۇرنىلى ئىدارىسى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى تەتقىقات مەركىزى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە پروگراما بۆلۈمى، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، جۇڭگو مېدىتسىنا ئاكادېمىيىسى، نىڭشىيا ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، گەنسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، جىنەن ئۇنىۋېرسىتېتى، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك ياشلار باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ، شاڭخەي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى، گەنسۇ، جىلىن، گۇاڭشى، شەندۇڭ، خېنەن، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىن كەلگەن 70 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

مۇھاكىمە جەريانىدا، ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن 20 نەپەر ئالىم ۋە مۇتەخەسسىس سۆز قىلدى ھەممە "ئىسلام دىنى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش" تىن ئىبارەت يېڭى دەۋردىكى يېڭى تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. يىغىنغا قاتناشقان ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. يىغىن ئىككى كۈن داۋاملىشىپ، قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈينىڭ خۇلاسە دوكلاتى بىلەن ئاخىرلاشتى.(ب)

▼خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2006-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى 2-سانىغا بېسىلغان «جۇڭگو ئىسلام دىنى 8-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى»نىڭ مەزمۇنىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، ھەر قايسى ناھىيە(شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە بۇ يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. نەتىجىدە، جايلاردا بۇ يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدى، تەشكىللەنگەن كۇرس ۋە ئۆگىنىش پائالىيىتىگە26 مىڭ 645 ئادەم قېتىم قاتناشتى، چىقىرىلغان قارا دوسكا گېزىتى 14 كە يەتتى.

(ھەبىبۇللا مەتسەيدى)

▼قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بىر قىسىم دىنىي زاتلارنى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە ۋەز-تەبلىغ ئورگىنالى يېزىشقا ئۇيۇشتۇردى ھەم بۇ ماتېرىيالنى كىتابچە قىلىپ 1200 پارچە باستۇرۇپ دىنىي زاتلارغا تارقىتىپ بەردى. نۆۋەتتە قەشقەر شەھىرىدىكى ھەممە مەسچىتتە ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ۋەز-تەبلىغ سۆزلەنمەكتە. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

▼مارالبېشى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 10-ئاينىڭ 11-كۈنى ئاساسىي قاتلام شۆبە جەمئىيەتلەرنىڭ رەئىسلىرى ۋە شۆبە جەمئىيەتلەرنىڭ كاتىپلىرى قاتناشقان مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ۋە ئىسلام كالېندارىغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىدىن خۇلاسە قىلدى. يىغىندا ئالدى بىلەن 2006-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ۋە ئىسلام كالېندارىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىدىن قىسقىچە خۇلاسە چىقىرىلدى. 2006-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا ۋە ئىسلام كالېندارىغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىدە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان مارالبېشى بازىرى، سېرىقبۇيا بازىرى، شامال يېزىسى، دۆلەتباغ يېزىسى قاتارلىق 4 كوللېكتىپ ئورۇن لەۋھە بىلەن تەقدىرلەندى. ئارقىدىن 2007-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ۋە ئىسلام كالېندارىغا مۇشتەرى توپلاش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھەرقايسى شۆبە جەمئىيەتلەردىن بۇ خىزمەتنى سان سۈپەتتە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ئۆز قەرەلىدە ئورۇنلاش تەلەپ قىلىندى. (ئەنۋەر تۇردى)

▼چىرا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 8-ئاي ئىچىدە ناھىيىگە قاراشلىق 8 يېزا(بازار)دا جۇڭگو ئىسلام دىنى 8-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئۆگىنىشكە قاتناشقان دىنىي زاتلار 380 پارچە تەسرات ماقالىسى يېزىپ چىقتى.

(ئانارگۈل مەتسەيدى، ئەركىن مەتتۇرسۇن)

## رامىزانلىق پائالىيەتلەر

▼مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ ئىبراھىم خۇۋاڭ چاڭيو، مۇئاۋىن رەئىس ئادىل ھاجى كېرەم، مۇئاۋىن باش كاتىپلاردىن نەبىل ما جۇڭپىڭ، ئىبراھىم ۋاڭ گولياڭ قاتارلىقلار 2006-يىلى 10-ئاينىڭ 9-كۈنى رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن، خېبېي ئۆلكىسى يەشەن ناھىيىسى بەيما يېزىسى ما جياجۇاڭ كەنتى ۋە مەسچىتىگە بېرىپ، بۇ تاغلىق رايوندىكى نامرات مۇسۇلمانلاردىن ھال سورىدى، نامرات دېھقانلارنىڭ ئائىلىلىرىنى يوقلىدى، ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە ئۇلارغا رامىزانلىق سەدىقە ئاتىدى.(ب)

▼جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى2006-يىل 10-ئاينىڭ 18-كۈنى كەچتە بېيجىڭ خەلقئارالىق مېھمانخانىدا رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن ئىپتارلىق بەردى. مىسىر، پاكىستان، ئافغانىستان، ئىران، ئالجىرىيە، بەھرەين، بېنگال، ئورمان ، لىۋان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئەرەب بىرلەشمە خەلپىلىكى

قاتارلىق ئىسلام- ئەرەب ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى، كونسۇللىرى ۋە خادىملىرىدىن 50تىن ئارتۇق كىشى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى،مەسلىھەتچىلىرى، بۆلۈم مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مەسئۇللىرى؛ بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ئىپتارغا داخىل بولدى. رامىزان ئېيى باشلىنىش بىلەن بىر مۇنچە ئىسلام -ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئەلچىخانىلىرىمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرىنى ئىپتارغا چاقىرغانىدى. (ب)

▼بۇ يىل رامىزان كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى تالىپلارنىڭ كۈندىلىك دەرسىنى تەڭشەپ چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، چۈشتىن كېيىن تالىپلارنىڭ ياخشى ئارام ئېلىشىغا ۋە ۋاقىتنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاشخانا خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ھەر بىر تالىپقا كۈنىگە 11 يۈەندىن تاماق پۇلى قوشۇپ بېرىپ، تالىپلارنىڭ سۆھۇرلۇق ۋە ئىپتارلىق تاماق ھەم مېۋە-چېۋە تەمىناتىنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، تالىپلارنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا ئىبادىتىنى تولۇق ۋە ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ رامىزان ئېيىدا مىسىر، لىۋىيەلىك قارىيلارنى تەكلىپ قىلىپ، قىرائەت ۋە تەبلىغ پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى، بۇ ئارقىلىق تالىپلارنىڭ قىرائەت ۋە ئەرەبچە تىل سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى. تالىپلارنىڭ ھەر ئاخشاملىق ئىپتارلىقى مول ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رامىزان ئېيىدا يەنە 2005—2006-يىللىق ئوقۇش مەۋسۇمى ئوقۇش مۇكاپاتىنى باھالاش ۋە مۇكاپات تارقىتىش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇردى. رامىزاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ئىنستىتۇت بارلىق ئۇستاز ۋە تالىپلارغا ئىپتارلىق بەردى. ھەر تەرەپلىمە ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، تالىپلار روزا رامىزاننى ساق-سالامەت ۋە تولۇق تۇتۇپ، روزا پەرزىنى كامىل ئادا قىلىۋالدى.(پ)

▼جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مىسىرلىق مۇسا سۇبرى قارىي؛ لىۋىيەلىك ئازىدىن ناسىر ئامىن قارىي بىلەن مەھمۇد مۇھەممەد زەھرە قارىي جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدا رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن زىيارەتتە بولدى ھەمدە جايلاردىكى مەسچىتلەردە كەڭ مۇسۇلمانلارغا قىرائەت قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ قىرائەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشى مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تەجۋىدلىك قىرائەتنى ئومۇملاشتۇرۇش، جۇڭگو-مىسىر، جۇڭگو-لىۋىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ھەم ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. (ب)

▼ئىراننىڭ دىنىي داھىيسى مەرھۇم ئايەتۇللا ھۇمەينى مۇبارەك رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى جۈمە كۈنىنى قۇددۇس كۈنى قىلىپ بەلگىلەپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى پەلەستىن خەلقىنىڭ ئازادلىق كۆرۈشىگە مەدەتكار بولۇشقا چاقىرغانىدى. ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى 2006-يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈنى قۇددۇس كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ۋە ئىپتارلىق بەردى. مۇسابىقىگە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن 10نەپەر تالىپ قاتناشتى. پائالىيەت ئاخىرىدا، بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن ما شاۋلۇڭ قارىي(خۇيزۇ)،ئىككىنچى بولغان ئىمام توختى قارى ، ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن ئابدۇغېنى ئابلىكىم قارى قاتارلىقلارنى مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۈردى. قىرائەت مۇسابىقىسى ۋە ئىپتارلىق پائالىيەتكە جەمئىيىتىمىزنىڭ رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىس مۇستاپا ياڭ جىبو، مۇئاۋىن باش كاتىپ ھاجى بارات رەجەپ قاتارلىقلار قاتناشتى. (ب)

▼بېيجىڭدا ھالال تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆزگە كۆرۈنگەن ئاشخانا خوجايىنى ئاقسۇلۇق ساۋۇتجان جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئاشخانىسىغا ئۆز ئاشخانىسىنىڭ ئاشپەزلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، تۈرلۈك يېمەك-ئىچمەك بىلەن جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى ئۇستاز-تالىپلىرىغا ئىپتارلىق بەردى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. بېيجىڭدىكى خوتەن قاشتېشى بۇيۇملىرى چەكلىك ھەسسىدارلىق گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى، خوتەن لوپلۇق تىجارەتچى ئەلى ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلارمۇ رامىزاندا 3000يۈەن قىممىتىدە يېمەك-ئىچمەك ئېلىپ كېلىپ، ئىسلام ئىنستىتۇتى تالىپلىرىغا، ئۇستازلىرىغا ئىپتارلىق بەردى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. تالىپلارمۇ رامىزانلىق ئىبادىتىدە ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ روناق تېپىۋاتقان تىجارەتچىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن مەدەت تىلەپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلدى. (ب)

## ئىسلام مائارىپى

▼بۇ يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى 22-قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۆھبەت يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز، مۇئاۋىن مۇدىرى ما شاۋشىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت تۇرسۇن ۋە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قاتناشتى. ھاپىز نىياز ئالدى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىنستىتۇتقا ئەۋەتكەن ھال سوراش خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن سەممىي ھال سورىدى. سۆھبەت ئاخىرىدا ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى ھال سوراشقا كەلگەن رەھبەرلەرگە رەھمەت ئېيتتى ۋە تەلەپ بويىچە

تىرىشىپ ئىشلەش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

(شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى)

▼يەكەن ناھىيىسىدە 2006 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى دىنىي زاتلارنىڭ 20 ـ قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىمغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، كۇرسانتلار، ھەر ساھە زاتلىرىدىن بولۇپ200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. بۇ كۇرس 2007 ـ يىل ـ 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. (يەكەن ئىسلام جەمئىيىتى)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

▼شايار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، تويبولدى بازىرى ئورمان كەنتىدىكى ياقۇپ رەھمان ھاجى بورداقچىلىق قىلىپ بېيىغاندىن كېيىن 1996 ـ يىلدىن 2006 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ھەر يىلى ئۆز كەنتىدىكى مەكتەپكە ھەر يىلى 500 يۈەندىن جەمئىي 5000 يۈەن نەق پۇل، تويبولدى بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ ھەر يىلى 500 يۈەندىن جەمئىي 5000 يۈەن نەق پۇل، ئۆز كەنتىدىكى نامرات، ئاجىز، مېيىپلارغا ھەر يىلى 6500 يۈەندىن جەمئىي 65مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىپ بەردى. بۇ يىل قۇربان ھېيت مەزگىلىدە قۇربانلىق قىلالمىغان نامرات ئائىلىگە 38 كىلوگرام قوي گۆشى ئاپىرىپ بەردى. ئۇ يەنە ھەر يىلى 60 مىڭ يۈەندىن، 75 مىڭ يۈەنگىچە نەق پۇل چىقىرىپ بىر قىسىم نامرات دېھقانلارغا ئۆسۈمسىز قەرز تارقىتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىۋېلىشىغا، قىشتىن خاتىرجەم ئۆتۈۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شايار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، مازارغوجام بازىرى چوڭ مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئىسمائىل ئىمىن ھاجى 2005 ـ يىلدىن بۇ يىل 9 ـ ئايغىچە ئۆز يۇرتىدىكى نامراتلارغا ئۆز يېنىدىن 28مىڭ 800 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى. ئاغۋاش كەنتىدىكى بىر كېسەلچان ئايالغا ھەر ئايدا 100 يۈەندىن ھازىرغىچە 2100 يۈەن بېرىپ كەلدى. ئاغۋاش كەنتىدىكى ئۈچ نامرات دېھقان ئاغرىپ قالغاندا مەسچىتتىكى جامائەتنى سەپەرۋەر قىلىپ 8175 يۈەن ئىئانە يىغىپ كېسەلنى داۋالاتتى. ئىسمائىل ئىمىن ھاجى يەنە تېرىقچىلىققا ماددىي ئەشياسى قالمىغان دېھقانلارغا 700 مىڭ يۈەنلىك ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق، كېۋەز ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئۆسۈمسىز تارقىتىپ بەردى. (ئىبراھىم ئەلقەم).

▼قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، يىلقىچى يېزا ئېقىن بويى كەنتى جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى دۆلەت قۇربانىياز ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ ھەم باغ پەرۋىش قىلىپ پايدىسىنى كۆرگەندىن كېيىن نامراتلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى، يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ نامراتلارغا قىلغان ياردىمى 32مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(مۇساجان ياسىن، تۇرسۇنگۈل ھاجى)

▼مەكىت ناھىيە جەمئىي يېزا ئورداكۆل كەنتىدىكى قادىر ھاجى ئۇن زاۋۇتى قۇرۇپ 42 نەپەر ياشنى، ئىش ئورنىدىن قالغان 18 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇلار ئارىسىدىن ئالتە يېتىم بالىنى ئۆيلەپ قويدى؛ ئۇ يەنە يۇرتىدىكى نامراتلارغا 800 خالتا ئۇن، 2400 كىلوگرام ياغ، 20 مىڭ يۈەن پۇل ياردەم قىلدى. (ياقۇپ ھاجى)

▼مەكىت ناھىيە مەكىت بازىرى ئوردا كۆل ئىجتىمائىي رايونى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى ئەسقەر قاسىم 5000 يۈەن قىممىتىدە 100 خالتا ئۇننى نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى. مەكىت بازىرى بۇلقا ئۆستەڭ بويى ئىجتىمائىي رايونى جامە مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى ئابلا ئوسمان 4750 يۈەن قىممىتىدىكى 190 خالتا ئۇننى نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى. مەكىت بازىرى يېڭى مەھەللە رايونى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇمۆمىن توختى قاتارلىقلار 33 ئائىلىگە روزا ھېيتلىق بەردى. (توختى ئاۋۇت)

▼كۇچا ناھىيە ئىشخىلا بازىرى قۇتلۇق ئوردا كەنتىدىكى دىنىي زات نۇردۇن روزى كۇچا سوپۇنى ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ، ئايلىق پايدىسىنى 5000 يۈەندىن ئاشۇردى، 10 نەپەر ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. (ياقۇپ ھاجى)

▼ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرەقىپ داموللا ئۆز يۇرتى پىچان ناھىيە پىچان بازىرى تىتىر كەنتىدىكى قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن 3000 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ياقۇپ ھاجى)

▼ بۇ يىل پوسكام ناھىيە توغچى، ژىما يېزىلىرى ۋە ئاختام باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى دىنىي زاتلار ياردەمگە موھتاج ئائىلىلەرگە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 2174 يۈەن نەق پۇل، ئاشلىق، 54قۇر كىيىم ـ كېچەك يەتكۈزۈپ بەردى.

(ئابلىمىت بارات، ئەنۋەر غوپۇر)

▼يوپۇرغا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇسوپۇر مەخسۇم ھاجى نامرات يۇرتداشلىرىغا 1000 كىلوگرام ئۇن، 40 يۇرۇش كىيىم ـ كېچەك ياردەم قىلدى، نامرات بىر ئايالغا 12 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ خىش ئۆي سالدۇرۇپ بەردى ھەم 150 كىلوگرام ئۇن ئېلىپ بەردى. ئۇ يەنە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 2500 يۈەن قىممىتىدە ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بەردى. (ئەنۋەر ئابلەت)

▼مارالبېشى ناھىيىسى، مارالبېشى بازىرى ئايرودروم يولى ئىجتىمائىي رايونى ئاق مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئېلى ئابدۇللا قارىم يېقىندا ۋاپات قىلغان ئانىسىنىڭ نەزىرىسى ئۈچۈن تەييارلىغان 4000 يۈەن نەق پۇلغا ئۇن، سۇ يېغى قاتارلىق بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ، نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى. (ئەنۋەر تۇردى)

▼توقسۇ ناھىيە يۇلتۇزباغ بازىرىدىكى دىنىي زاتلار "سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس" قارىشىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى ھەمدە 2100 يۈەن ئىئانە توپلاپ، كېسەللەرنى،

نامراتلارنى يوقلىدى. (ئېزىز كېۋىر)

▼يەكەن ناھىيە قوشئېرىق يېزىلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن 2006-يىل 8-ئاينىڭ 30-كۈنى يېزا تەۋەسىدىكى 60 تىن ئارتۇق دىنىي زات ئۆز يېنىدىن 1180 يۈەن پۇل چىقىرىپ، يېزا تەۋەسىدىكى 7 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپكە قىلدى. (ئابدۇكېرىم ئوسمان)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

▼مەكىت ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، يەككە كارخانىچى مەھەممەت ئاۋۇت بۇ يىل 7-ئايدا راك كېسىلىگە گىرىپتا بولۇپ قالغان بىر تۇل ئايالنىڭ داۋالىنىشىغا 20 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى.

(توختى ئاۋۇت)

▼پوسكام ناھىيە سۇپەت-تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىدىكى 14 نەپەر خادىم 3540 يۈەن ئىئانە توپلاپ، يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆي سېلىشقا قۇربى يەتمىگەن ئۈچ دېھقانغا ياردەم قىلدى. (ئابلىمىت بارات)

▼قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزىسىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر دېھقانلار ئۈچۈن يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزىگە 12مىڭ 300 يۈەنلىك كىتاب ئېلىپ بەردى. يەنە بۇ يېزىدىكى 14 رەھبىري كادىر نامرات ئائىلىلەرگە 9600 يۈەن ئىئانە قىلدى. (مۇساجان ياسىن)

▼لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزىسى كونا ھاڭگىيا كەنتى 3-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر دېھقان نامراتلىقتىن داۋالىنالماي قالغاندا زىمچى مەسچىت جامائىتى 1863يۈەن ياردەم قىلدى.

(ئەلىمەردان ئابدۇللا)

مەكىت ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى مەمەت ئاۋۇت روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئېغىر قىيىنچىلىقى بار نامراتلارغا 7000 يۈەن تارقىتىپ بەردى. مەكىت بازىرى بىرلىك سەپ بۆلۈمى كادىرى يالقۇن ساۋۇت دادىسىنىڭ نەزىر ئىشلىرىغا تەييارلىغان 3000 يۈەن پۇلنى ئۆز تەۋەسىدىكى نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى. مەكىت بازىرىدىكى سىدىق مۇسا 3000 يۈەن قىممىتىدە ئۇن ئېلىپ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى. (توختى ئاۋۇت)

## خەۋەرلەر

▼مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شياۋزۇ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قېيۇم باۋدۇن، باشقا قاتارلىقلار 8-ئاينىڭ 30-، 31-كۈنى قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر، دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى؛ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بىر قىسىم دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى؛ قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى، ئاپئاق خوجا مازىرى قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر يەنە قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسىغا چىقىپ، بىر قىسىم نامرات ئائىلىلەرنى يوقلىدى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

▼بۇ يىل 9-ئاينىڭ 9-كۈنى ئىران سىياسىي پارتىيە بىرلەشمە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر دىن-ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىغا زىيارەتكە كەلدى. مەكتەپ رەھبەرلىرى مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. مېھمانلار مەكتەپنىڭ كومپيۇتېرخانا، كۈتۈپخانا، سىنىپ، مەسچىت، ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى)

▼يەكەن ناھىيىسىدە2006-يىل 9-ئاينىڭ 11-، 12-كۈنى 2-قېتىملىق ۋەز-تەبلىغ، قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 30 نەپەر ماھىر قارىي، 30 نەپەر ماھىر تەبلىغچى قاتناشتى. 300 گە يېقىن كىشى مۇسابىقىنى كۆردى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە دىنىي زاتلارنىڭ ۋەز-تەبلىغ قىلىش ۋە ئۆلچەملىك قىرائەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. (ياقۇپ ھاجى)

▼گۇما ناھىيىسىدە دىنىي خادىملار جۇڭگو ئىسلام دىنى 8-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، 15 قارار كۇرستا 600 ئادەم قېتىم تەربىيىلەندى. ئۇندىن باشقا ھەر خىل ئۆگىنىش كۇرسىغا ئېتىقادچى ئاممىدىن 26مىڭ ئادەم قېتىم قاتناشتى. (ئابدۇلئەھەت ئالىم)

▼نىلقا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بىقىشسىز قالغان ياشانغانلارغا، نامرات دېھقانلارغا، دىنىي زاتلارغا 1.5 توننا ئۇن، 100 كىلوگرام ماي، 500 قاپ قارىچاي يەتكۈزۈپ بەردى. (ئەبەيدۇللا ھوشۇر)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2006-يىللىق سانلىرىدىكى ئاساسلىق دىنىي ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى


ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان.........(4.4، 3.4، 2.43، 1.10)

ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، شۈكرى- قانائەت ۋە تىرىشچانلىق ..........(2.48)

فىقھى پرىنسىپلىرى ئىلمى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى..........(3.10)

ئۆلۈم ھېكمىتىدىن ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگىچە..........(4.16، 3.16)

نەپلە نامازنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى ..........(1.18)

ھەج پائالىيىتىنى قانداق ئادا قىلىش كېرەك؟..........(4.25)

جۈمە نامىزى ۋە خۇتبىسى ھەققىدە سوئال-جاۋابلار..........(3.21)

ئىككى ھېيت نامىزى ھەققىدە سوئال- جاۋابلار ..........(4.34)

ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇش ۋە ئۆزىنى بىلىش توغرىسىدا..........(1.21)

ئىسلام دىنى ئىتتىپاقلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ..........(1.25)

مۇسۇلمانلار قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشى كېرەك ..........(1.32)

سودىدا راستچىل بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى..........(1.38)

شەرەپ-نومۇسنى بىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولايلى ..........(2.56)

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى پاك ۋە تەقۋادار بولۇشقا چاقىرىدۇ ..........(2.61)

ئىخلاس ھەققىدە ..........(4.53)

ئائىلە ۋە ئاتا-ئانا، پەرزەنتلەرنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيەتلىرى ..........(1.44)

ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئەدەپ..........(1.49)

قىبلە ۋە قىبلىنى بېكىتىش ھەققىدە چۈشەنچە..........(1.56)

مىلادىيە يىلىنى ھىجرىيە يىلىغا ئايلاندۇرۇپ ھېسابلاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى ..........(1.59)

ئەيدىز كېسەللى شىنجاڭدا قورقۇنچلۇق ھالدا يامرىماقتا..........(1.62)

ئەۋلادلارنى گۈزەل ئەخلاقلىق تەربىيىلەيلى ! ..........(2.51)

بىر قانچە قانۇن ماددىسى بىلەن قۇرئان كەرىمدىكى بايانلار ھەققىدە سېلىشتۇرما ..........(2.65)

چۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەكنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى ..........(2.72)

ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىسلام ئەخلاقى..........(4.44، 3.27)

ئىسلام دىنى تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ..........(3.41)

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئالاھىدىلىكلىرى..........(3.49)

ئىلىمگە بېغىشلانغان ھايات..........(3.58)

رامىزاننىڭ مەنىۋى مۇھىتى..........(3.57)

سۇھۇر ۋە ئىپتارنىڭ پەزىلىتى..........(3.57)

تەراۋىھ نامىزى..........(3.26)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىجارەت ھاياتى ..........(4.56)

# ئەرەب تىلىدىكى تۇنجى ئېلېكترونلۇق لۇغەت دۇنياغا كەلدى

ئۈرۈمچى ئىرپان ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى 2003 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش بىر گەۋدىلەشكەن، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىشلەشنى ئاساس قىلغان يۇقىرى پەن - تېخنىكا كارخانىسى. شىركىتىمىز كۈچلۈك تەتقىقات قوشۇنى، تەتقىقات ئەمەلىي كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولۇپ، شىركەت قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر، ئىنگلىز، خەنزۇ، ئەرەب تىل - يېزىقىدىكى ئېلېكترونلۇق لۇغەتلەرنى تەتقىق قىلىپ بازارغا سالدى.

«ئىرپان» ئېلېكترون لۇغەتلىرى بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، سۆزلۈك مىقدارىنىڭ موللۇقى، ئىشلىتىشكە قۇلايلىقلىقى، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تىل تەرجىمە خىزمەتچىلىرى، تىل ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار، چەتئەلدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار، جۈملىدىن كەڭ تىل ئۆگەنگۈچى ھەۋەسكارلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان مۇھىم ئۆگىنىش قورالى بولۇپ قالدى.

ئۈرۈمچى ئىرپان ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى ئېلېكترونلۇق لۇغەت تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا سۈپەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى چىڭ تۇتۇپ، دىيارىمىزدىكى مىللىي كارخانىلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ زور ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. 2006 - يىلى جۇڭگو ئۇچۇر مىنىستىرلىكى، جۇڭگو سودا مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ئېلېكترون سودا جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئېلېكترون كارخانىلىرىنىڭ ماركا قىممىتىنى باھالاش ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا "جۇڭگو ئېلېكترون ساھەسىدىكى يۇشۇرۇن كۈچى زور 300 كارخانا" نىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ، بۇ شەرەپكە ئېرىشكەن بىردىنبىر ئازسانلىق مىللەت كارخانىسى بولۇپ قالدى.

ئىرپان ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى جەمئىيىتىمىزدىكى كەڭ ئەرەب تىلى ئىشلەتكۈچىلىرىنىڭ تىل ئۆگىنىش ۋە تىلدىن پايدىلىنىشىغا قۇلايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ئىككى يىلدىن ئارتۇق جاپالىق ئىزدىنىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق، 2006 - يىلى 8 - ئايدا ئەرەب تىلىدىكى تۇنجى ئېلېكترونلۇق لۇغەتنى ئىشلەپ بازارغا سالدى.

مەزكۇر لۇغەت ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە، ئۇيغۇرچە - ئەرەبچە لۇغەت، ئەرەبچە - خەنزۇچە لۇغەت، ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت، خەنزۇچە تاق خەتلەر لۇغىتى قاتارلىق لۇغەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇندىن باشقا ئەرەب، ئىنگلىز، خەنزۇ تىللىرىدىكى دائىم ئىشلىتىلىدىغان 900 جۈملە ئۈلگىلىك تەلەپپۇزى بىلەن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئەرەب تىلى تەلەپپۇزىنى ياخشى ئىگىلىشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ئىنگلىز ۋە خەنزۇ تىللىرىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرالايدۇ.

لۇغەتكە ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە 65 مىڭ، ئۇيغۇرچە - ئەرەبچە 25 مىڭ سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ لۇغەت نۆۋەتتىكى تۇنجى ئۇيغۇرچە - ئەرەبچە لۇغەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لۇغەتتە كومپيۇتېردىن ماتېرىيال چۈشۈرۈش ئىقتىدارى ھازىرلانغان بولۇپ، يۇنىكود ئۆلچىمىدىكى ئارىلاش يېزىقتىكى ماتېرىياللارنى كومپيۇتېردىن ئۆلغۈچ سىمنىڭ ياردىمىدە بىۋاستە چۈشۈرىۋېلىشقا، ھەر خىل كەسپىي لۇغەتلەرنى قاچىلاشقا، شۇنداقلا تورلۇك شەكلىدىكى ئاۋاز ھۆججەتلىرىنى چۈشۈرۈپ ئاڭلاشقا بولىدۇ.

بۇ سانىنىڭ ماقالىلىرى ئۇيغۇر سوفت «ئەلكاتىپ 5.0» نۇسخىسىدا تىزىلدى ۋە «ئەلكوررېكتور 5.0» دا كوررېكتورلۇق قىلىندى. كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد



رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلار جۇڭگو دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق ھەيئىتى ۋەكىللىرى ئۈمىكى تەركىبىدە ”دۇنيا دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق مەجلىسى“نىڭ 8 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى.




2006 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە جۇڭگو ھەج (ئۆمرە) خىزمىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكى مالايسىيا قاتارلىق تۆت دۆلەتتە زىيارەتتە بولدى. سۈرەتتە ئۆمەك ئەزالىرى مالايسىيادا ھاجىلارنى تەربىيىلەش مەركىزىنى زىيارەت قىلماقتا.



جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ (سولدىن 3 - كىشى) قازاقىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك ”دۇنياۋى ۋە ئەنئەنىۋى دىنلار داھىيلىرى يىغىنى“غا قاتناشقاندا، قازاقىستان زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋ بىلەن كۆرۈشتى.



سۈرەتتە ئۆمەك ئەزالىرى تۈركىيىدە ئىستانبۇل شەھەرلىك مۇفتى ئىدارىسىنى زىيارەت قىلماقتا.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2006 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كەچتە بېيجىڭ خەلقئارالىق مېھمانخانىدا ئەرەب - ئىسلام ئەللىرى ئەلچىلىرى قاتارلىقلارغا رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن ئىپتارلىق بەردى.



سۈرەتتە ئۆمەك ئەزالىرى ئىراندا ئىراننىڭ ھەج ئىشلىرىنى تەشكىللەش مەركىزىدە سۆھبەت ئۆتكۈزمەكتە.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئامۇر، يۈسۈپ جەۋاد، شەمسىددىن تارتقان)

بسم الله الرحمن الرحيم

# 2007 - يىل

سىلادىيە، ھىجرىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

هو الذي جعل الشمس ضياء والقمر نورا وقدره منازل لتعلموا عدد السنين والحساب

| يەكشەنبە الأحد | دۈشەنبە الاثنين | سەيشەنبە الثلاثاء | چارشەنبە الأربعاء | پەيشەنبە الخميس | جۈمە الجمعة | شەنبە السبت |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | 31 | | | |

| يەكشەنبە الأحد | دۈشەنبە الاثنين | سەيشەنبە الثلاثاء | چارشەنبە الأربعاء | پەيشەنبە الخميس | جۈمە الجمعة | شەنبە السبت |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | | | |

| يەكشەنبە الأحد | دۈشەنبە الاثنين | سەيشەنبە الثلاثاء | چارشەنبە الأربعاء | پەيشەنبە الخميس | جۈمە الجمعة | شەنبە السبت |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | | | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | | | | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | 31 | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | 31 | | | | | |

### ئىزاھات

1. مەزكۇر جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلىرى ھىجرىيە يىلنامىسى ۋە مىلادىيە يىلنامىسى بويىچە ھېسابلاپ چىقىش ئارقىلىق بېكىتىلگەن. بۇنىڭدا رامىزاننىڭ كىرىش ۋە چىقىش ۋاقتى ھەدىس شەرىفتىكى بەلگىلىمە بويىچە ھىلال ئاينى كۆرۈشنى ئۆلچەم قىلىدۇ.
2. مىلادىيە 2007-يىلىنىڭ يېڭى يىل كۈنى ھىجرىيە 1427-يىل 12-ئاينىڭ 11-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. مىلادىيە 2007-يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ھىجرىيە 1428-يىل 12-ئاينىڭ 21-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.
3. مەزكۇر جەدۋەلدىكى قىزىل، يېشىل رەڭلەر ئىچىدە قىزىل رەقەم ۋە قىزىل رەڭلەر ھىجرىيە ۋە مىلادىيە يىللىرىدىكى ئارام كۈنلىرى ۋە خاتىرە كۈنلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ يېشىل رەڭلەر جۈمە كۈنلىرى ۋە رامىزان ئېيىنى كۆرسىتىدۇ.

مەزكۇر جەدۋەلدىكى ھىجرىيە ھېيت-ئايەملىرى ۋە خاتىرە كۈنلىرى(ھىجرىيە-مىلادىيە ۋاقتى)

| ھەپتە كۈنلىرى | مىلادىيە | ھىجرىيە | خاتىرە كۈنلەر |
|---|---|---|---|
| شەنبە | 1-ئاينىڭ 20-كۈنى | 1428-يىل مۇھەررەم(1-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | يېڭى يىل |
| دۈشەنبە | 1-ئاينىڭ 29-كۈنى | مۇھەررەم(1-ئاي)نىڭ 10-كۈنى | ئاشۇرا |
| شەنبە | 3-ئاينىڭ 31-كۈنى | رەبىئۇلئەۋۋەل(3-ئاي)نىڭ 12-كۈنى | مەۋلۇد |
| جۈمە | 8-ئاينىڭ 10-كۈنى | رەجەب (7-ئاي)نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | مىراج كېچىسى |
| سەيشەنبە | 8-ئاينىڭ 28-كۈنى | شەئبان(8-ئاي)نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | بارات كېچىسى |
| پەيشەنبە | 9-ئاينىڭ 13-كۈنى | رامىزان (9-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | رامىزاننىڭ كىرىشى |
| دۈشەنبە | 10-ئاينىڭ 8-كۈنى | رامىزان (9-ئاي)نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | قەدىر كېچىسى |
| شەنبە | 10-ئاينىڭ 13-كۈنى | شەۋۋال (10-ئاي)نىڭ 1-كۈنى | روزا ھېيت |
| پەيشەنبە | 12-ئاينىڭ 20-كۈنى | زۇلھەججە(12-ئاي)نىڭ 10-كۈنى | قۇربان ھېيت |

ISSN 1007-5836

12>

71007583001

开 发 行

《中国穆斯林》（维吾尔文版） «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)

国际标准刊号： ISSN1007—5836 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号： CN11—1346/B مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:

国内邮发代号： （新） 58—167 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:

国外发行代号： Q1720 چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:

定价： 4.50元 باھاسى: 4.50 يۈەن

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ